ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بىناكارلىق بېزەك ئەسەرلىرى

215808

索书号: TU-80

书 名: ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بىناكارلىق بېزەك نەقىشلىرى

登录号: U-I

定价:

110 بەت

10.00 يۈەن

| 借 者 | 借 期 | 还 期 |
| --- | --- | --- |
| مەھبۇب | 2000.1.31 | |

كىتابنى تۆۋەندە يېزىلغان ۋاقىت ئىچىدە، قايتۇرۇش لازىم

下列最后之日期本书必须归还

| | | | |
| --- | --- | --- | --- |
| B 9503021 | 2000.3.5 | | |

爱护图书 · 按期交还

كىتابنى ئاسراپ ۋاقتىدا قايتۇرايلى

215808

Tu-8
u-1

# ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بىناكارلىق بېزەك نەقىشلىرى

تۇرسۇن غازى تۈزگەن

755097908

شىنجاڭ داشۆ كىتابخانىسى
新疆大学图书馆藏书

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت- فوتو سۈرەت نەشرىياتى

باش تەھرىر :
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى : مەھەممەت ئايۇپ
مەسئۇل مۇھەررىر :
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : گاۋ گۇاڭمىن
كوررېكتورى : قېيۇم تۇرسۇن

ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بىناكارلىق بېزەك نەقىشلىرى


تۇرسۇن غازى

---

نەشر قىلغۇچى : شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
تارقاتقۇچى : شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى : شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى : 1092×787 مىللىمېتر 20 / 1 فورمات باسما تاۋىقى 5
1997 ـ يىل 1 ـ ئاي 4 ـ بېسىلىشى 1992 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
تىراژى : 11000 ــ 6001

---

كىتاب نومۇرى : ISBN 7—80547—085—55 / J • 68
باھاسى : 10.00 يۈەن



تۇرسۇن غازى

## ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

تۇرسۇن غازى 1943 ـ يىلى يەكەن ناھىيىسىدە قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1960 ـ يىلى شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى گۈزەل سەنئەت فاكۇلتېتىنىڭ ھۈنەر ـ سەنئەت كەسپىگە ئوقۇشقا كىرگەن. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن، 1985 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۆرگەزمىخانىغا يۆتكىلىپ كەلگەن. ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق كۆرگەزمىخانىنىڭ كۆرگەزمە بۆلۈم باشلىقى، كۆرگەزمە ھۈنەر ـ سەنئىتى بويىچە كاندىدات تەتقىقاتچى.

## مۇندەرىجە


1. كىرىش سۆز ........ 1

2. ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ھۈنەر - سەنئىتى ھەققىدە چۈشەنچە ........ 1

3. كورگول، تورۇس چىراغ بىزەك نەقىشلىرى ........ 25

4. نومۇيان، مىھراپ، ئەقلىيە، بىغىشلىما سۆزلەر بىزەك نەقىشلىرى ........ 39

5. ناۋا، سەراپ، پىشايۋان بىزەك نەقىشلىرى ........ 48

6. ئىشىك، دېرىزە، پەنجىرە بىزەك نەقىشلىرى ........ 68

7. تام بىتى كۆنچۈك بىزەك نەقىشلىرى ........ 73

8. تەكشى تام بەت بىزەك نەقىشلىرى ........ 78

9. ياغاچ ئويما بىزەك نەقىشلىرى ........ 84

10. كاھىش بىزەك نەقىشلىرى ........ 90

11. قاپارتما گۈللۈك خىش بىزەك نەقىشلىرى ........ 105

# مۇقەددىمە

غازى ئەمەت

مەيلى ساياھەت ۋە مەيلى خىزمەت بىلەن شىنجاڭغا كەلگەنلەر ئەگەر قەشقەرگە بارمىسا، پەقەت ئۈرۈمچىدىنلا قايتىپ كەتكەن بولسا، «شىنجاڭغا كەلمىگەنگە باراۋەر» دېيىشىدۇ — كىشىلەر. بۇنىڭ سىرى شۇ يەردىكى، تارىختا قەشقەر قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ قىشلىق پايتەختى قىلىنغان بولسا، ياركەنت (يەكەن) ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەركىزى بولۇپ، بۇ جايلاردا ئۇيغۇرلار ئۆز دەۋرىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرغان. بولۇپمۇ مىمارچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنلىك سەنئىتى شۇ زامانىنىڭ ئەڭ يۈكسەك سەۋىيىسىگە يەتكەن. بۇ رايونلاردا ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى تۈپەيلىدىن مىللىي مەدەنىيەت گۈللىنىپ راۋاجلانغان. ھازىر بۇ جايلاردا ئەجدادلىرىمىز ياراتقان ھۈنەر-سەنئەت ئۈلگىلىرى، ئەڭ ئېسىل نۇسخىلار، قىممەتلىك مىراسلار بىر قەدەر ئەينەن ساقلىنىپ كەلمەكتە.

تۇرسۇن غازى 1943-يىلى مانا شۇ يەكەن شەھىرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان گۈزەل مۇھىت ئىچىدە ئۆستى. ھۈنەر-سەنئەتنىڭ ئوتلىرى ئۇنىڭ گۆدەك قەلبىگە تۇتاشقان بولۇپ، دائىم لاۋۇلداپ يېنىپ تۇراتتى. مەن 1960-يىلى شىنجاڭ سەنئەت شۆيۈەنگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن يەكەنگە بارغىنىمدا، تۇرسۇن غازىدىن ئىبارەت نەققاشلىق كەسپى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان بۇنداق بىر ياخشى كۆچەتنى بايقىغىنىمغا تولىمۇ خۇرسەن ئىدىم.

تۇرسۇن غازى 1964-يىلى شىنجاڭ سەنئەت شۆيۈەنىنىڭ گۈزەل سەنئەت فاكۇلتېتى ھۈنەر-سەنئەت كەسپىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان ئىدى. ئۇ دەسلەپ ئوقۇتقۇچى بولۇپ، كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق كۆرگەزمىخانىدا ئىشلەش جەريانىدا كۆپ قېتىم تۆۋەنگە چۈشۈپ، ھۈنەر-سەنئەت مىراسلىرىنى توپلىدى، رەتلىدى ۋە ئۇنى تەتقىق قىلدى. ئۇ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتتىن باشقا يەنە ئىجادىيەت ساھەسىدە نۇرغۇن ئەمەلىي ئىشلارنى قىلدى. تۇرسۇن غازى كۆپ قېتىم ھەر خىل كۆلەمدىكى كۆرگەزمىلەرنىڭ، ماگىزىن ۋە رېستورانلارنىڭ ئىچى ھەم سىرتىنى قويۇق مىللىي شەكىلدە زىننەتلىدى. ئۇنىڭ زور نەتىجىلىرىدىن بىرى، شىنجاڭ ئىسلام دىنى شۆيۈەنىنىڭ جامەسىنى، 1980-يىلى تيانشان كىنو ستۇدىيىسى ئىشلىگەن تارىخىي كىنو «غېرىپ-سەنەم» فىلىمىدىكى خان ئوردىسىنىڭ ئىچكى-تاشقى نەقىش زىننىتىنى لايىھەلەپ ئىشلەپ چىقتى، زىننەتلەشكە قاتناشتى ۋە تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەقبەرىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشىغا قاتنىشىپ، مەقبەرىنىڭ بارلىق نەققاشلىق ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۆزى لايىھەلىدى ۋە ئۇنىڭ مەشغۇلاتلىرىغا يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇ ئۆز كەسپى بويىچە كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى بەدىلىگە

www.uyghurkitap.com

«كاندىدات تەتقىقاتچى» ئۇنۋانىنى ئالدى. 1991-يىلى بېيجىڭ خەلق سارىيى شىنجاڭ بۆلۈمىنىڭ ئومۇمىي زىننەتلەش لايىھىسىنىڭ ئايرىم بۆلەك مودېلىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلەپ چىقتى.

قولىڭىزلاردىكى بۇ كىتابتا ئۇيغۇر ھۈنەر-سەنئىتى توغرىسىدا، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتى توغرىسىدا بىر قەدەر تەپسىلىي چۈشەنچە بەرگەندىن تاشقىرى، ئەڭ مۇھىمى ئۇ 60-يىللاردىن تارتىپ توپلاپ رەتلەپ چىققان 400 پارچىدىن ئارتۇق بىناكارلىق بېزەك نەقىش ئۈلگىلىرىنى ئېلان قىلدى. بۇ كىتابنىڭ بەدىئىي قىممىتى ۋە قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان يېرى شۇ يەردىكى، تۇرسۇن غازى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھۈنەر-سەنئىتىگە تولىمۇ چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان. ئۇنىڭ نەزەرىدە دۇنيادا ھۈنەر-سەنئەت نەققاشلىقىدىن مەنىلىكرەك يەنە بىرەر كەسىپ يوقتەك قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ نەقىش نۇسخىلىرىنى سىزىشقا ئولتۇرغاندا، ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، بارلىقىنى ئەنە شۇ نەقىشكە بېغىشلايدۇ.

مەزكۇر كىتابقا بېرىلگەن نەقىش ئۈلگىلىرىنى ئىشلەشتە، تۇرسۇن غازى بىرىنچى قول ماتېرىيالنى ئەسلى ئارگىناللاردىن ئۆز قولى بىلەن توپلىدى. ئۇ ئۇيغۇر نەقىشلىرىنىڭ ھېسابسىز نۇسخا ۋارىيانتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئىنچىكە دېتاللىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئۇنى ھەقىقىي مەنىدە ئىگىلىگەنلىكى ئۈچۈن، تۇرسۇن غازى رەتلەپ ئېلان قىلغان بۇ نەقىش ئۈرنەكلىرى، ئۆزىنىڭ ئەسلى ئوبرازى، مىللىي پۇراق ۋە خاس ئۇسلۇبلىرىنى ئەينەن ساقلاپ قالدى ھەم توغرا ئەكس ئەتتۈردى. شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭچە بۇ نەقىش ئۈلگىلىرىنى ئەڭ ئىشەنچلىك، ھەقىقىي ئۇيغۇر نەقىشلىرى دەپ قاراشقا، ھەرگىز ئىككىلەنمەي ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

تۇرسۇن غازى ھۈنەر-سەنئەت بېزەك نەقىشلىرى بويىچە توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش بىلەنلا قالماي، ئۇزۇن يىل بۇ ساھەدە ئىزچىل ئەمەلىيەت ئۆتكۈزگەن، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، مول تەجرىبىلەرنى توپلىغانلىقى ئۈچۈن، مەزكۇر كىتابنىڭ باش قىسمىدا بېرىلگەن نەزەرىيە جەھەتتىكى چۈشەنچىسىمۇ ھەرگىز قۇرۇق گەپلەر ئەمەس. بەلكى رېئال ھەم ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، تەتقىقاتچىلار ئۈچۈن ئوبدان بىر ماتېرىيال. ھەۋەسكارلار ۋە ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن يېتەكچىلىك رولىنى ئوينايدۇ.

ھۈنەر-سەنئەتنى بولۇپمۇ بېزەش، زىننەتلەش ئىشلىرىنى ياخشىلاپ خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىش يولىدا، تۇرسۇن غازىغا يەنىمۇ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەيمەن.

ئۇيغۇر نەققاشلىق سەنئىتى ھەققىدە چۈشەنچە :

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىختىن بېرى ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت — سەنئەت ساھەسىدە ئېلىمىز مەدەنىيىتىگە ۋە دۇنيا مەدەنىيىتىگە مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇزىنىڭ ياشاپ كېلىۋاتقان تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا نۇرغۇنلىغان مەشھۇر ئىقتىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ئۇلار جاپالىق ئىزدىنىپ، ئەقىل-پاراسىتى، ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ياراتقان پەن-مەدەنىيەت بىلىم جەھەتتىكى قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ كەتتى. مانا شۇ تارىخىي مىراسلارنىڭ بىرى، ئۇيغۇر مەدەنىيەت-سەنئىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى — ئۇيغۇر نەققاشلىق ھۈنەر-سەنئىتىدۇر.

مەن «ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بىناكارلىق بېزەك نەقىشلىرى» دېگەن بۇ كىتابتا نەقىش ئۈلگىلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشتىن سىرت، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھۈنەر-سەنئەتتىكى ئاجايىپ ماھارىتى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات تارىخى، شۇنىڭدەك ھۈنەر-سەنئەت جەريانى، ئۇنىڭ ئىشلىنىش دائىرىسى ۋە بىناكارلىق ھۈنەر-سەنئىتى ھەققىدە ئۇقتىلىق توختالدىم. ھازىر مۇشۇ ساھەدە ئىشلەۋاتقان ھەۋەسكارلار ۋە ھۈنەر-سەنئەت ھاجەتمەنلىرىنى ئەمەلىي ئۈلگە ۋە بۇ ھەقتىكى مۇناسىۋەتلىك نەزەرىيە بىلەن تەمىن ئېتىشنى، بۇ كىتابتىن ئۇز ئېھتىياجىغا يارىشا قوبۇل قىلغان بىلىملەر بىلەن ئۆزىدە بار بولغان مول ئەمەلىي بىلىملىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئۇيغۇر ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پائال ھەسسە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ھۈنەر-سەنئىتى ئۇيغۇر ھۈنەر-سەنئىتى تەركىبىدىكى بىر قەدەر گەۋدىلىك، تەسىر دائىرىسى كۈچلۈك قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر نەققاشلىق سەنئىتى ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بەدىئىي شەكىلدۇر. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىستېتىك شەكىل گۈزەللىكىنى ئىپادىلەشتىكى بىرخىل بەدىئىي سەنئەت شەكلى سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ.

ئۇيغۇر نەققاشلىق سەنئىتى ئۆزىگە خاس بەدىئىي سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە ۋە كۈچلۈك ئىپادىلەش ئارتۇقچىلىقىغا ئىگە بولۇپ، ئۇ شەيئىلەرنىڭ قىياپىتىنى قانۇنىي چەكلىمە ئىچىدە يۇقىرى ماھارەت بىلەن مۇبالىغىلەشتۈرۈش، كۆپەيتۈرۈش ۋە شەكىل ئۇسلۇبى بىلەن جانلىق ئىپادىلەپ كۆرسىتەلەيدۇ. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ كۆركەم، نەپىس شەكىل قۇرۇلمىلىرى ۋە ئېلېمېنت ۋارىيانتلىرى بىلەن ساناقسىز تاۋار ماللىرى ۋە ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇشلىرى، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئوراپ-قاچىلاش بېزەك — زىننەت ئېھتىياجى ئۈچۈن بىۋاستە خىزمەت قىلىدۇ.

ئۇيغۇر نەققاشلىق ھۈنەر-سەنئىتى ئۆزىگە خاس دەۋر ئالاھىدىلىكىگە، شەكىل ئالاھىدىلىكىگە ۋە رەڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ئۇيغۇر خەلقى نەققاشلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئۇز بېشىدىن بۇرۇلۇش خاراكتېرلىك بىر قانچە دەۋرنى ئۆتكەزدى. ھەر بىر دەۋر ئۆزگىچە ئۇسلۇب، ئۆزگىچە ئىپادىلەش، ئېقىم، شەكىل ۋە رەڭلەرنى قوللاندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ روشەن يەرلىك ئالاھىدىلىكلەرگىمۇ ئىگە بولۇپ، يەرلىك نەقىشلەردىكى ئېلېمېنت ۋارىيانتلارنىڭ شەكىللىرى ۋە ئۇنىڭ قوللىنىشىمۇ ئۆزگىچە بولىدۇ./ تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلار ئاھالىسى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي بولۇپ، غەرب مۇسۇلمان ئەللىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقان ۋاقتى نىسبەتەن ئۇزۇن بولۇشى، شۇنىڭدەك بۇ جايلار قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇشى قاتارلىقلار

www.uyghurkitap.com

تۆپەيلىدىن بۇ جايلاردا قوشنا دۆلەت ۋە مىللەتلەر بىلەن ئۈز ئارا ئالاقىسى نىسبەتەن كۆپ بولغان. شۇڭا ئۇچۇنمۇ بۇ جايلارد
نەققاشلىق ھۈنەر-سەنئىتى تېخىمۇ راۋاجلانغان. بۇ رايوندىكى قوللىنىۋاتقان نەقىشلەرنىڭ قۇرۇلمىسى تېخىمۇ مۇكەممەل
شەكلى كۆپ خىل، مەزمۇنى ئىنتايىن مول بولۇپ، شەكىلدىكى زىچلىق ۋە بوشلۇق، شەيئىلەرنىڭ شەكلىنى كۆپتۈرۈپ ۋ
ئۆزگەرتىپ ئىپادىلەش، ئىسسىق-سوغۇقلۇق، سۇس-قېنىقلىق قاتارلىق رەڭ قارىمۇ قارشىلىقى ھەتتاكى سىرتقى ئ
تەسىرىدىن بولىدىغان ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىگىچە ئەھمىيەت بېرىلىپ، بۇ جەھەتلەردە بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىي
ياراتقان. ئۇيغۇر نەققاشلىقىدىكى شەكىل يارىتىش، ئىپادىلەش ئۇيېكتى، رەڭ ئىشلىتىش دائىرىسى ئۇنچە چو
چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئالاھىدىلىكى بىلەن ھۈنەر-سەنئەتنىڭ ھەر قانداق بىر بېزەك تۈرى ئۈچۈن تاللاپ قوللىنىش
بولدۇ. ئۇيغۇر نەققاشلىق سەنئىتىدە يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلەر بولغانلىقى ئۈچۈن مىللىي ھۈنەر-سەنئەتنى ئەتىۋا قىلىش ۋ
ئىزدىنىشتە ئۇقتىلىق نىشان بولۇپ قالدى.

دۆلىتىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىنى قوغداش ۋ
ئۇنى ئېچىشقا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلدى. 50-يىللارنىڭ بېشىدىلا ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق قۇرۇلۇش لايىھەلەش تەتقىقا
ئورنى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر بىناكارلىق يادىكارلىق ئۇقتىلىرى ۋە قويۇق مىللىيچە ئۇسلۇبقا ئىگە ئۆي-جاي قۇرۇلۇشلىرىن
ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ رەسىمگە ئېلىپ ئارخىپ تۇرغۇزۇپ چىقتى. ئاپتونوم رايونلۇق يېنىك سانائەت ئىدارىسى ھۈنەر- سەنئە
تەتقىقات ئورنى بىلەن بېيجىڭ مەركىزىي ھۈنەر-سەنئەت ئىنستىتۇتى بىرلىكتە مەخسۇس خادىم تەشكىللەپ
50-يىللاردىن باشلاپلا ئۇيغۇر قول سانائەت سېپىنى ئاساسىي ئۇقتا قىلىپ، ھۈنەر-سەنئەت قىممىتىگە ئىگە خا
ماتېرىياللارنى يىغىپ رەتلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېنىك سانائەت بېزەك ماتېرىيالى ۋە ھۈنەر-سەنئەت ئوقۇتۇش مەزمۇن
سۈپىتىدە ئەتىۋارلاپ ئىشلەتتى. ھۈنەر- سەنئەت سېپىدىكى خادىملار ھەر خىل شەكىل بىلەن ئۇلارنى تونۇشتۇرۇپ ئېلا
قىلدى. 60-يىللاردا شىنجاڭ سەنئەت شۆبىسىنى گۈزەل سەنئەت فاكۇلتېتى ھۈنەر-سەنئەت پراكتىكا گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ
ئۇيغۇر ھۈنەر-سەنئەت مىراسلىرىنى توپلاپ رەتلەش ۋە ئۆگىنىش يۈزىسىدىن قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق رايونلارن
ئاساس قىلىپ، ئىلگىرى-ئاخىر بىر نەچچە قېتىم ئۆۋەنگە چۈشۈپ بىر نەچچە يۈز پارچىدىن ئارتۇق قىممەتلىك خا
ماتېرىياللارنى توپلاپ، ئوقۇتۇش دەرسلىك مەزمۇنى سۈپىتىدە قوللاندى. بۇنىڭدىن باشقا 80-يىللارنىڭ ئالدى-كەينىد
شىنجاڭدىكى 13 مىللەت ئۆرپ-ئادەت كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت تاماشىبىنلىرى، چەت ئەللى
ساياھەتچىلەر ۋە ئالاقىدار مۇتەخەسسىس تەتقىقاتچىلار ئۈچۈن، مىللەتلەرنىڭ مول مەدەنىيەت-سەنئەت نەتىجىلىرى كەل
تۇردە تەشۋىق قىلىندى ھەمدە 1988-يىلى ئاۋمېن، بېيجىڭ قاتارلىق ئورۇنلاردا كۆرگەزمە قىلىندى. مىللەتلەرنىڭ شۇ قاتارد
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھۈنەر-سەنئەت ماھارىتى، شان-شۆھرىتى دۇنياغا تونۇشتۇرۇلدى. لېكىن ئۇيغۇر ھۈنەر- سەنئەت مەدەنى
مىراسلىرىنى قوغداش، ئۆگىنىش ۋە ئېچىش جەھەتتە ئىشلەنگەن خىزمەتلەر ئۆۋەتتىكى تەلەپ ۋە ئېھتىياجدىن خېل
يىراق. جاپالىق ئىزدىنىپ ئۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنى كۆرمەي بولمايدۇكى: ھۈنەر- سەنئە
مىراسلىرىمىزنىڭ ئىزى ئۆچۈپ كېتىش خەۋپى مەۋجۇت. كۆپلىگەن پېشقەدەم ھۈنەر-سەنئەت ئۇستىلىرى ئۆلۈپ كەتتى

يىگىچە سانائەت قۇرۇلمىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆسۈپ زامانىۋى تاۋار ماللارغا ئىنتىلىشى، قويۇق مىللىي پۇراققا ئىگە ئايرىم قول ھۈنەر-سەنئەت يەرلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىغا بولغان ئېھتىياج ئازىيىشىغا سەۋەب بولدى. بىر تەرەپتىن ئىقتىسادىي ئۈنۈمدىكى نوقۇل پايدا رىقابىتى سەۋەبىدىن ھۈنەر-سەنئەتتىكى نەپىس، سىپتىلىك تەكشىلەنمەي، ۋاقىت، پايدا ئۈنۈمى تەكىتلىنىپ ھۈنەر-سەنئەتنىڭ بەدىئىي سەنئەت قىممىتىگە سەل قارالدى. بۇ مەسىلىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى شۇكى: ئالدى بىلەن ھەرقايسى ھۈنەر-سەنئەت ساھەسىدە ئىشلەۋاتقان سەنئەت ئۇستىكارلىرى، ياش ھەۋەسكار شاگىرتلار پىششقەدەم ئۇستىلارنىڭ ھۈنەر-سەنئەت ئىشلەش جەريانىدىكى يۇقىرى ماھارىتىنى پۇختا ئىگىلىشى، كەمتەرلىك بىلەن ئۇلاردىن ئۆگىنىشى، ئۆزى ئىشلەۋاتقان ھۈنەرنىڭ سەنئەت قىممىتىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىشى لازىم. ھەرگىز چالا-پۇلا ئۆگىنىپلا «ئۇستا بولدۇم» دەپ يارامسىز ھۈنەرنى بازارغا سالماسلىقى لازىم. شۇنىڭدەك ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۇستىلار قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك ھۈنەر- سەنئەت مىراسلىرىنى تەۋرۇك بىلىپ، ئۇنىڭغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ ئۇنى تەتقىق قىلىشى ۋە ئۇنىڭدىكى ئىلغار ئېخنىكا، گۈزەل ھەم مول نەقىش ئۈلگىلىرى، رەڭ، شەكىللەرنى قوبۇل قىلىش ۋە سىڭدۈرۈشى لازىم. ياخشى ھۈنەر ھامان نەزەر-ئېتىبارسىز قالمايدۇ. كەڭ ئىستېمالچىلار ئەلۋەتتە مۇنداق ئېسىل ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ قەدىر قىممىتىگە يېتىدۇ ھەم ئۇنى ياقتۇرۇپ ئەتىۋارلايدۇ. بۇنداق ماھارەتلىك ئۇستىلارغا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ.

## ئۇيغۇر ھۈنەر-سەنئەت نەققاشلىقىنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە رولى

نەققاشلىق كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى جەريانىدا تەدرىجىي مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ھۈنەر-سەنئەت نەققاشلىقى، تاۋار ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ بىزەك ئېھتىياجى زۆرۈرىيىتى بىلەن بىر-بىرىنى ئۆزىگە كۈچلۈك شەرت قىلغان. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، نەققاشلىق ئەينى زاماندىكى ئۇششاق قول ھۈنەرۋەنلىكنىڭ زىننەتلەش ۋە پەرداز بېرىش جەريانىدىن ئىبارەت ئىدى. نەققاشلىق جەمئىيەت ئېھتىياجىنىڭ تۈرتكىسى، ئىستېمال تاۋارلىرىنىڭ سۈپەت، دەرىجە تەقەززاسى، كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ ئۆسۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشى قاتارلىق تەبىئىي ئامىللارنىڭ شەرت-شارائىتى ھازىرلىنىشى تۈپەيلىدىن، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، قوپاللىقتىن سىپتىلىككە، تار مەزمۇندىن مول مەزمۇنغا قاراپ تەرەققىي قىلدى. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ داۋاملىق راۋاجلىنىشى، كەسكىن بازار رىقابىتىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ ئەھۋال نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ كىشىلەر تۇرمۇشىدا يەنىمۇ كەڭ قوللىنىلىشىغا ئەمەلىي زېمىن ھازىرلاپ بەردى. ئىستېمال تاۋار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ھۈنەر-سەنئەت نەققاشلىقىدىن ئىبارەت ئىككى مۇناسىۋەتنى بىر-بىرىگە تەقدىرداش قىلىپ چىڭ باغلىدى ۋە بىر-بىرىنى تولۇقلاپ ئۆز تەرەققىياتىغا ئۈزلۈكسىز يول ئاچتى. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش تاۋارلىرى زىننەتلەش ھۈنەر-سەنئىتىدىن ئايرىلالمايدۇ. زىننەت-بىزەك نەقىشلىرى ئىستېمال تاۋارلىرىدىن ئىبارەت ئوبيېكتىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئىستېمال تاۋارلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى ھۈنەر-سەنئەت زىننىتىنىڭ ياخشى-يامان بولۇشىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە سودا سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ھالقىلىق ئامىل ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا نەققاشلىق سەنئىتى دېگەن بۇ ئاتالمىنى «ھۈنەر-

سەنئەت نەققاشلىقى» دەپ ئاتاش مۇۋاپىقراق بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇر ھۈنەر-سەنئەت نەققاشلىقى — ئىنتايىن كەڭ ئىجتىمائىي دائىرىگە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا ئەڭ كىچىك قاتلاملارغىچە ئۆزلىشىپ كەتكەن ۋە ھەرقايسى ھۈنەر-سەنئەت تۈرلىرىگىچە سىڭىپ كىرگەن. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان.

تۇرپاندىن تېپىلغان مودەنگۇل نۇسخىلىق قەغەز كەسمە نەقىش، قاراشەھەردىن تېپىلغان ساپال تاۋۇتقا چۈشۈرۈلگەن تال يوپۇرماق پورەكگۇل نۇسخىلىق نەقىش، بولۇپمۇ لوپ رايونى قەدىمكى كىروران شەھىرىدىن تېپىلغان يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار ئۆز ۋاقتىدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ قول ھۈنەر-سەنئەتتە خېلى يۇقىرى دەرىجىدە يېتىشكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

## ئۇيغۇر ھۈنەر-سەنئەت نەققاشلىقىنىڭ ئېلېمېنتلار مەنبەسى

ئۇيغۇر خەلقى تەبىئەت گۈزەللىكىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. قات-قات تاغلار، ئاپئاق-ئاپئاق تۇرۇلمە بۇلۇتلار، كۆپكۆك ئاسمان ۋە نۇرلۇق ئاي، يۇلتۇزلار، ياپيېشىل ئورمان بەلباغلار، چىمەنلىك ئوتلاقلار، گۈل-گىياھلار، ساناقسىز شەكىلدىكى گۈل-غۇنچە، چېچەكلەر، تەبىئەت دۇنياسىدىكى شەيئىلەرنىڭ تۈرلۈك شەكىل قىياپىتى، رەڭگارەڭ تەبىئەت مۆھتى بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئەڭ گۈزەل، قەدىرلىك تەۋەرۈك مەۋجۇداتلار سۈپىتىدە ئورۇن ئالىدۇ. بۇلار ئۇيغۇر ھۈنەر-سەنئەت نەققاشلىقىنىڭ ئېلېمېنتلىرى مەنبەسى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. گۈل ئەزەلدىن چىن ئەقىدە ۋە دوستلۇققا، بەختكە سىمۋول قىلىنىدۇ. چىرايلىق قۇشلار، خۇش ئاۋاز بۇلبۇللار، بۇغا-جەرەنلەر، ئانار، بادام، ئەنجۈرلەرنى كىشىلەر ئىنتايىن قەدىرلەيدۇ. ئىنسانلار بەدىنىگە پايدىلىق بولغان، قۇۋۋەت ۋە شىپالىق بېرىدىغان بادام قاتارلىق مېۋىلەر بارا-بارا تەۋەرۈك، ئەتىۋارلىق ئورۇندا تۇتۇلۇپ، نەققاشلىقتا نەقىش ئېلېمېنتلىرى قىلىپ قوبۇل قىلىنغان. بۇندىن باشقا تەبىئەتنىڭ تۈرلۈك ئوبرازلىق كۆرۈنۈشلىرى، گېئومېترىك شەكىللەر، چەمبەر شەكىللەر، كۋادرات ۋە بۇلۇڭلۇق شەكىللەر، پىرامىدىلىق ۋە كونۇسلۇق شەكىللەر، تەبىئەتتىكى چوڭ-كىچىكلىك، ئېگىز-پەسلىك، توم-ئىنچىكىلىك، زىچ-شالاڭلىق، يىراق-يېقىنلىق جەھەتتىكى قارىمۇ قارشىلىق سېلىشتۇرما ھېسسىياتلىرىمۇ ئۇيغۇر نەققاشلىقىدا ئىپادىلىنىشتىن چەتتە قالمىغان. رەڭ جەھەتتە، بۇرۇندىن تارتىپلا تەجرىبە-سىناقلار ئارقىلىق تەبىئەتتىن ئالغان. ئۇلار بوياقچىلىق، سىرچىلىق ۋە سەگەز ھەمزەكچىلىك ساھەلىرىدە ئىشلەش جەريانىدا رەڭ ئىشلىتىشنىڭ ئىلمىي قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىپ چىققان ھەمدە توغرا يەكۈنگە ئېرىشكەن. رەڭلەرنىڭ ئاق-قارا، كۆلرەڭ مۇناسىۋىتى، ئىسسىق-سوغۇق مۇناسىۋىتى، قارىمۇ-قارشىلىق مۇناسىۋىتى، رەڭلەرنىڭ ئۆزئارا بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىش مۇناسىۋىتى، ھەتتا رەڭلەرنىڭ بىر-بىرىگە بېرىكىش ۋە بىر-بىرىنى تېپىش خۇسۇسىيەتلىرىگىچە بايقىغان. بۇرۇنقى زامانلاردا ئىلىم-پەن تەرەققىي قىلمىغان ناچار شارائىتلاردىمۇ ماددىلارنىڭ خىمىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ ئۈگمەس رەڭلەرنى ياساپ چىققان. ئۇلار ھۈنەر-سەنئەت

ستی جەریاندا، تۆمۈر پارچلری بلەن ئاش سۈیی (میەنتاڭ) نڭ برکشدن کۆچلۈك خمیلك ریئاکسیە
بولۇپ، داتلشش ئارقلق هېچ قاچان تۈگمەیدىغان قارا رەڭ بولدىغانلقنى، زاك، تۈخۇمەك، ئانار پوستی، یۇلغۇن
چىچكی، ئاپلسن پوستی قاتارلقلارنی قاینتپ ئۇنڭ ئېرتمسنی بۇیاشنڭ، ئالددا ئشلەتكەندە، ئۈستدن
سرلگەن رەڭ هەرگز ئۆچمەیدىغان ۋە چقپ كەتمەیدىغانلقنی تېپپ چققانی هەمدە بۇنی بۇیاقچلقتا
قوللاش دەپ ئاتغان. كارشناۋاي (پورەڭ) نی ئۇجمە دەرىخنڭ چرگەن پوردن یاسغان. سماۋا (تۆمۈر رەڭ) نی
تۇخۇمۇن ۋە سمابتن یاسغان. ئۇجمە یاغچنڭ ئۇچۇق سېرق یېڭی هالتنی دەرهال قېنق كارشناۋاي كونا یاغاچ
هالتگە كەلتۈرگەن. بۇنداق ئۇسۇل ئەڭ ئاددي ئلمي قانۇنیەت بولۇپ تاهازرغچە قوللنلپ كەلمەكتە. قېزش
ۋە بایقاشلار ئارقلق تېپلغان قیاتاش رەسملری، غار-ئۆڭكۈرلەردە سزپ قالدۇرۇلغان شەكل-ئپادلەر گۈزەل سەنئەت
ئەسەرلنڭ ئاساسنی تكلەپ بەرگەندی. بۇ تەۋەرۇك سزما خاترلەر ۋاقت-شارائتنڭ ئۆتۈشی بلەن كشلەر
تۇرمۇشدكی بر خل ئېهتیاج ئورننی بېسپ تۇرمۇش قورال-جابدۇقلری ۋە ئستېمال تاۋارلرنڭ بېزەك زننەتلری
سۈپتدە قوبۇل قلپ ئشلتلدی.

قوپال ۋە سېدام بولغان بۇیۇملار بەلگلك زننەت ۋە پەرداز ئۆتكلدن ئۆتكەندن كېین ئەپچل، سپتە ۋە نەپس كۆرۈنۈشكە ئگە قلنپ، تاۋار بۇیۇملارنڭ گۈزەللك ئېهتیاجنی تەمن ئەتتی. بۇنڭ بلەن كشلەرنڭ ئجتمائي تۇرمۇشدا زننەتلەشتن ئبارەت بۇ ۋاستنڭ زۆرۈریيتی تېخمۇ ئاشتی. زننەت نەقشلرنڭ ئېلېمېنت، سیۋژېت، ۋاریانتلرنی كشلەر كەڭ تەبىئەت دۇنیاسدن — ئۆزی یاشاۋاتقان مۇهتتن تاللۇېلپ، ئۆزلرنڭ چۈشەنچە، ئېتقادلری بویچە ئۇلۇغ، مۇقەددەس، شپالق، روهی هۇزۇر، قممەتلك، گۈزەل نەرسلەر سۈپتدە قوبۇل قلپ، ئۇلارنڭ ئەینی هالتی، خۇسۇسیتی ۋە ئالاهددلكنی ساقلاپ قېلش شەرتی ئاستدا، مۇۋاپقلاشقان، ماسلاشقان شەكللەر بلەن تورلەندۈرۈش ئارقلق تەكرار كۆپەیتپ، ئورۇن ۋە ئېهتیاج تەلپگە ئاساسەن قارمۇ-قارشی ئككی تەرەپكە یاكی تۆت تەرەپكە داۋاملشالایدىغان، مۇستەقل پۈتۈنلۈكتمۇ تۇرالایدىغان نەقش قۇرۇلملرنی تۈزۈپ چققتی. بۇ هۈنەر-سەنئەت نەققاشلقنڭ بر قەدەر مۇكەممەل باسقۇچدۇر.

## ئۇیغۇر نەققاشلق هۈنەر-سەنئتنڭ تارىخي ۋە ئجتمائي ئامللری

ئۇیغۇر هۈنەر-سەنئەت نەققاشلقی — هەرقایسی دۆلەت ۋە مللەتلەر ئارا مەدەنیەت ئالماشتۇرۇش، سودا ئالاقە ۋە دنني برلك، مللي قوشنندارچلق ۋە ئاسسملاتسیلك سڭپ كېتشتەك ئوبیېكتپ سەۋەبلەر تۈپەیلدن، سرتتن قوبۇل قلش، چقرپ تاشلاش، تولۇقلاش جەریاننی باشتن كەچۈرۈپ ئۆزگە خاس هۈنەر-سەنئەت نەققاشلق ئۇسلۇبنی یاراتتی ۋە ئاخرىدا مۇكەممەل بولغان ئۇیغۇر هۈنەر-سەنئەت ئالاهددلكی بویچە راۋاجلنپ كەلدی.

ئۇیغۇرلار ئۆز تارىخدا ئاتەش، شامان (قامان دەپمۇ ئاتلدۇ)، مانی، بۇددا، ئسلام دنلرغا ئېتقاد قلغان بولۇپ، هەرقایسی دنلارنڭ ئېتقاد قائدە-ئەركانلری ئوخشاش بولمغاچقا، تەبىئەت مەۋجۇدادلرغا ۋە تەبىئەت هادسلرگە بولغان چۈشەنچلرمۇ ئوخشاش ئەمەس ئدی. بر خل دنندكی مەۋجۇدادلارنڭ مۇقەددەس ئورنی یەنە بر خل دنني كۆز قاراشتا

www.uyghurkitap.com

ئېتىراپ قىلىنمايتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ نەقىش ئېلېمېنتلىرى ئۇچۇن تاللىۋالغان نەمۇنىلىرىمۇ ئۇز دىنىي ئەقىدىلىرى بويىچە مۇقەددەس دەپ تونىغان نەرسىلەر بولۇپ، شۇ خىلدىكى نەرسىلەر ئىپادە قىلىنغانىدى. شامان دىنىدا ئۇيغۇرلار كۆك (كۆك تەڭرى) گە ئېتىقاد قىلاتتى. بۇددا دىنىنىڭ ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقتى ئۇزۇن، تەسىرى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئۇز دىنىنىڭ قائىدە-پرىنسىپلىرىغا ئۇز ئەقىدىلىرىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس ئوبيېكتلىرى — ئادەملەرنىڭ (بۇددساتۋا، پەرىشتە، مۇئەككەل) لاي ھەيكىلى، تاغ-دەريالار ۋە ھايۋانلارنى كۆپلەپ سىزىپ خاتىرە قالدۇرۇشاتتى ۋە ئۇنى ئىجتىمائىي تۇرمۇش پائالىيەتلىرىدە بېزەك نەقىش ۋە دەستۇر خاتىرىسى سۈپىتىدە ئىشلەتكەنىدى. ھازىرقى زاماندا كۆپلەپ ئۇچراپ تۇرغان مىڭ ئۆيلەر، مەسىلەن، دۆڭخۇاڭ، قىزىل مىڭ ئۆي، تۇرپان بېزەكلىك مىڭ ئۆي قاتارلىق مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇنلىرىدىكى تام سۈرەتلەرنىڭ جانلىق تەسۋىرىي ئىپادىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ نەققاشلىق يەنى سىزمىچىلىق ئۇسۇلى بىلەن ئېلىپ بېرىلغانىدى. ئۇ، ئۇز زامانىسىدىكى دىنىي ئېتىقاد دەستۇرى سۈپىتىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلدى ھەمدە دۇنيا جامائەتچىلىكىدە ئېلىمىز خەلقىنىڭ ۋە جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەينى زامان مەدەنىيەت-سەنئەت سەۋىيىسىنى ئۆلچەپ بېرىدىغان ئۈچمەس پاكىت بولۇپ قالدى. تاڭ دەۋرى مىلادىيە 618-يىلدىن 907-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا يۇڭ توقۇلمىغا ئىشلەنگەن دەرەخ نەقىش ئۇسخىلىق رەخت نەقىش ئۇسخىسى (تۇرپاندىن تېپىلغان) ۋە شۇ دەۋرنىڭ ئۈزىدە يۇڭ توقۇلمىغا ئىشلەنگەن ئادەم قىياپەتلىك دەرەخ، قوش بۇدنە، قوش قوچقار ئۇسخىلىق رەخت نەقىش ئۇسخىسى (تۇرپاندىن تېپىلغان) مۇ (شىنجاڭ سەنئىتى ژۇرنىلى 1986-يىل 3-سان، 65-بەتكە قاراڭ) بۇددا ئەقىدىلىرىنىڭ نەقىشلىرىمىزدە ئومۇمىيۈزلۈك ئىپادىلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ شۆھرىتى داڭلىق بولۇپ دۇنيا مەدەنىيىتىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەنىدى. ھازىرغىچە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق تېپىلغان قېزىلما يادىكارلىقلاردىكى بېزەك نەقىش ئېلېمېنتلىرى، ئۇيغۇر ھۈنەر-سەنئەت نەققاشلىقى بۇددىزم مەدەنىيىتى دەۋرىدە ئۆزىگە كۈچلۈك ئاساس ئۇرغۇزۇۋالغان، دەپ مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ.

مىلادىيە 11-ئەسىردىن كېيىن شىنجاڭ رايونىغا ئىسلام دىنى سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن بىللە بۇددا دىنى ئەقىدىلىرى بىلەن ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرىنى چەكلەش، ئىنكار قىلىشتەك كەسكىن ئۇستۇنلۈك تالىشىش كۆرۈشى شەكىللەندى. بۇددا دىنىنىڭ قالدۇق ئېتىقاد تەسىرى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى تەرغىب قىلىنىۋاتقان ئېتىقات تەسىرى بىر مەزگىل ئارىلىشىپ تۇرغانلىقتىن، ئۇيغۇر ھۈنەر-سەنئەت نەققاشلىقىدىمۇ مەزمۇن تولۇقلىنىش، چىقىرىپ تاشلاشتەك ۋاستىلەر بىلەن نەقىش ئېلېمېنت ۋارىيانتلىرىدا چوڭ ئىسلاھ قىلىش ئېلىپ بېرىلدى. كېيىنچە ئىسلام مەدەنىيەت تەسىرى ئۇستۇنلۈكنى ئىگىلەپ، بۇددا دىنى مەدەنىيىتى سىقىپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر نەقىشلىرىدىكى بۇددا دىنى ئەقىدىلىرىنى مەزمۇن قىلغان نەقىش ئېلېمېنتلىرى چىقىرىپ تاشلىنىپ، گۈل-گىياھ، چېچەك،تال يوپۇرماق، مېۋە-چېۋە يېمەكلىكلەر نەقىش ئېلېمېنتلىرى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىندى. ئۇيغۇر ھۈنەر-سەنئەت نەققاشلىقىدىكى گىلەم (ئانار نۇسخا، چاچما نۇسخا، ئاي نۇسخا)، يەرلىك باسما بوياقچىلىق (سەگەز، شاتىۋا، ھەمزەك)، ساپالچىلىق، دوپپا كەشتىچىلىك ساھەلەردىكى ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرىدا كۆپلەپ ئۇچراپ تۇرىدىغان ئانار، بادام، ئۈزۈم، پاختا-كېۋەز ئۇسخىلىرى، تەشتەك گۈللەر، چىنە-قاچا،

چېچەك، چۈگۈن، ئاپتۇۋا، گۈل-چېچەك نۇسخىلار ئۇيغۇر ھۈنەر-سەنئەت نەققاشلىقىنىڭ ئاساسىي نەقىش ئېلېمېنتى بولۇپ قالدى. مانا بۇ ئۇيغۇر ھۈنەر-سەنئەت نەققاشلىقىدا بىر قېتىملىق چوڭ تارىخىي بۇرۇلۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر ھۈنەر-سەنئەت نەققاشلىقى مانا شۇندىن باشلاپ مۇقىم ئۇسلۇب بىلەن تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى دەۋرىمىزگە قەدەر يېتىپ كەلدى. ھەرقانداق مىللەت ياراتقان مەدەنىيەت-سەنئەت بايلىقىنىڭ مەنبەسى ھەرگىز دىنىي مەنبە بولماستىن، بەلكى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنىڭ رېئال ۋە مۇقەررەر ئىنكاسىدۇر. ئۇيغۇر ھۈنەر-سەنئەت نەققاشلىقىنىڭ شەكىل ئۇسلۇبى، ئېلېمېنت مەزمۇنلىرى، ئىپادە قىلىش نىشانلىرى يەنىلا ئۇيغۇر خەلقى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئېلېمېنت — سىيۇژىتلىرى بولۇپ، نەقىشلەرنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىدە جانلىق ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ.

## ئۇيغۇر ھۈنەر-سەنئەت نەققاشلىقىنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىشى

ئۇيغۇر ھۈنەر-سەنئەت نەققاشلىقى — ئۆزىنىڭ مول مەزمۇنى، كۆپ خىل شەكىلگە ئىگە ئىكەنلىكى، گۈزەل ھەم ئەمەلىيلىكى، ئىشلىتىلىش دائىرىسىنىڭ ئىنتايىن كەڭلىكى بىلەن قول ھۈنەر-سەنئەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە كەڭ قوللىنىلغان ۋە تۇرمۇشنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغىچە سىڭىپ كىرگەن. شۇڭا ئۇيغۇر ھۈنەر-سەنئەت نەقىشلىرىنى تىلغا ئالغاندا مۇقەررەر ھالدا قول ھۈنەر-سەنئەت تۈرلىرى بويىچە، ھەرقايسى كەسپىي ھۈنەر تەرتىپلىرى بويىچە كۆزىتىشكە ۋە چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇيغۇر ھۈنەر-سەنئەت نەقىشلىرىنى مۇنداق تۈرلەرگە ئايرىش مۇمكىن:

1. بىناكارلىق ھۈنەر-سەنئەت نەقىشلىرى؛
2. گىلەمچىلىك ھۈنەر-سەنئەت نەقىشلىرى؛
3. يەرلىك باسما (سەگەزچىلىك) بوياقچىلىق نەقىشلىرى؛
4. دوپپا-تۇماق ھۈنەر-سەنئەت نەقىشلىرى؛
5. كىيىم-كېچەك، كەشتىچىلىك ھۈنەر-سەنئەت نەقىشلىرى؛
6. شايى-ئەتلەس، بەقەسەمچىلىك ھۈنەر-سەنئەت نەقىشلىرى؛
7. تەرمە پالاس، خۇرجۇن ھۈنەر-سەنئەت نەقىشلىرى؛
8. ناماتمان (كىگىزچىلىك) ھۈنەر-سەنئەت نەقىشلىرى؛
9. چالغۇ ئەسۋابلار ھۈنەر-سەنئەت نەقىشلىرى؛
10. ياغاچچىلىق، قىرغۇچىلىق، ئويمىكارلىق ۋە پەنجىرە ھۈنەر-سەنئەت نەقىشلىرى؛
11. مىسكەرلىك ھۈنەر-سەنئەت نەقىشلىرى؛
12. تۆمۈرچىلىك، پىچاقچىلىق، كەسكۈ ئەسۋابلار ھۈنەر-سەنئەت نەقىشلىرى؛
13. قۇيمىچىلىق ھۈنەر-سەنئەت نەقىشلىرى؛
14. زەرگەرچىلىك، زىبۇ-زىننەت ھۈنەر-سەنئەت نەقىشلىرى؛

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

15. خۇمدانچىلىق، ساپال بۇيۇملار ھۈنەر ـ سەنئەت نەقىشلىرى؛
16. قورال ـ ياراق، سەپەر جابدۇق ھۈنەر ـ سەنئەت نەقىشلىرى؛
17. ئىگەر جابدۇق ھۈنەر ـ سەنئەت نەقىشلىرى؛
18. كۆن ـ خۇرۇم، موزدوزلۇق ھۈنەر ـ سەنئەت نەقىشلىرى؛
19. تېرە بۇيۇملار ھۈنەر ـ سەنئەت نەقىشلىرى؛
20. مەتبەئە سىزاۋچىلىق ھۈنەر ـ سەنئەت نەقىشلىرى.

بۇندىن باشقا تۈرلۈك ھۈنەر ـ سەنئەت تۈرلىرى بولۇپ، بىزەش نەقىش ئېھتىياجى روشەن بولمىغان تۈرلەرنى ئالاھىدە تىلغا ئالمىدۇق. قېرىنداش مىللەتلەردىن ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە قوبۇل قىلغان ھۈنەر ـ سەنئەت تۈرلىرىمۇ بار مەسىلەن، خەنزۇ، خۇيزۇ، رۇس ۋە تاتارلاردىن قوبۇل قىلغان رەشلىيە ھۈنەر ـ سەنئىتى، قازاق ۋە قىرغىز خەلقىدىن قوبۇل قىلغان تىكمە، شىرداق، ئۆزبېكلەردىن قوبۇل قىلغان مەرەپپايقۇ كەشتىچىلىكى، بەل رومال كەشتىچىلىكى ھۈنەر ـ سەنئىتى بولۇپ، بىر قىسىم ھۈنەر ـ سەنئەت تۈرلىرى ھۈنەر پىتىچە ئەينەن قوبۇل قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ نەقىش ئېلېمېنتلىرى ئۇيغۇر نەقىش ئېلېمېنتلىرى ئىچىدە كۆپلەپ ئۇچراپ تۇرىدۇ.

يۇقىرىقى ھەرقايسى ھۈنەر ـ سەنئەت نەقىشلىرىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى، ئىشلىنىش تەلىپى ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت جەريانى، ئۆزەشتىكى رولى، شەكىل قۇرۇلمىسى، نەقىش شەكىللەندۈرگەن ئېلېمېنتلىرى ۋە ماتېرىيالى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ھەرقايسى ھۈنەر ـ سەنئەت تۈرىدىكى نەقىشلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ھۈنەر ـ سەنئەت جەريانىنىڭ قانۇنىي قائىدىسىگە زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭغا كىرەك قىلىنىدىغان دۇكان ياكى ئەسۋاب ـ سايمانلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئىشلەش ئىقتىدارىغا مۇۋاپىقلاشقان بولىدۇ. بىزەك نەقىشلىرى ئىشلىنىدىغان ئورنى، ماتېرىيال تۈرى ۋە بۇنى ئىشلەشكە لازىم قىلىدىغان ئەسۋاب ـ سايمانلارغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ تۈزۈلىدۇ ياكى لايىھىلىنىدۇ. [ھۈنەر ـ سەنئەتنىڭ بىر تۈرىدىكى بىزەك نەقىشلىرى يەنە بىر تۈردىكى بىزەك نەقىشنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ، ياكى ئاساسەن باسالمايدۇ. ئۇيغۇر ھۈنەر ـ سەنئەت نەقىشلىرىنى ئەمەلىي تۇرمۇشتا قوللانغاندا ياكى ئۇنى توپلاپ رەتلىگەندە، ھۈنەر ـ سەنئەت بىزەك نەقىشلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش جەريانى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغان ئۇيغۇر ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. قايسى ھۈنەر ـ سەنئەت تۈرىگە مەنسۇپ نەقىش بولسا شۇ تۈر بويىچە قوللىنىش لازىم. ھۈنەر ـ سەنئەت بىزەك نەقىش ئۈلگىلىرىنى توپلاپ رەتلىگۈچى خادىملار نەقىشنىڭ ئېلېمېنت ۋارىيانتلىرىنى ئېنىق چۈشىنىشى ھۈنەر ـ سەنئەتنىڭ ئىشلەش جەريانى بىلەن ئېنىق تونۇشۇپ، ئەسۋاب ـ سايمان، ماتېرىيال ۋە ئۇسۇل قائىدىلىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ چىقىش كېرەك. بۇنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، رەتلەپ چىققان ئۈرنەكلەرنىڭ ئەسلىدىكى خۇسۇسىيىتى ۋە مىللىي ئۇسلۇبى، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىنى تولۇق ساقلاپ قېلىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. يېقىندىن بېرى ھەر مىللەت ھۈنەر ـ سەنئەت كەسپىي خادىملىرى ئۇيغۇر ھۈنەر ـ سەنئەت مەدەنىي مىراسلىرىنى قۇتقۇزۇش ۋە رەتلەش خىزمىتىگە قىزغىنلىق بىلەن قاتنىشىپ ئاز بولمىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن بولسىمۇ (بەس ـ بەستە توپلام ۋە كىتابچىلارنى ئېلان قىلدى) يۇقىرىدىكى ھالقىلىق مەسىلىلەرگە تولۇق ئېتىبار بەرمەي

چىرايلىق، گۈزەل، نادىر نەقىش ئۆلگىلىرىنىڭ ئۆز ئەنئەنىۋىلىكى، ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ئوبرازى، ئۇنىڭدىكى كۈچلۈك ئۇسلۇبىي پۇراق ۋە يەرلىك تۈس شۇ خادىملارنىڭ سۇبيېكتىپ خاھىشى بويىچە ئۆزگەرتىۋېتىلدى. بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشى مۇشۇ خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئالغان كەسپىي خادىملارنىڭ بۇ ساھەدىكى چۈشەنچىسىنىڭ چوڭقۇر ئەمەسلىكى، كەسپىي جەھەتتىكى مەسئۇلىيەتسىزلىكى، ياكى سەل قارىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان. ئۇيغۇر ھۈنەر-سەنئىتى ھەرگىز بەزىلەرنىڭ كاللىسىدىكى تەسىرات بويىچە بېرىلگەن، بىرەر بوشلۇقنى توشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئەگرى-بۈگرى سىزىقلارنىڭ يىغىندىسى ئەمەس. ئۇ بەلگىلىك قائىدە-قانۇن ۋە خاس مەزمۇن، ئىستېتىك تۇيغۇغا ئىگە بەدىئىي گۈزەللىك تۇيغۇسىنىڭ نەقىش شەكلى بىلەن كۈچلۈك ئىپادىلىنىشىدۇر. بۇ ئۇقتىنى چۈشەنمەيدىغان ياكى ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ھۈنەر-سەنئەت خادىملىرى ئۇيغۇر ھۈنەر-سەنئەت مەدەنىي مىراسلىرىنى قېزىپ چىقىش، قۇتقۇزۇۋېلىش ياكى ئۇنىڭغا توغرا ۋارىسلىق قىلىش تەلىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايلا قالماستىن، بەلكى ئەكسى رول ئوينىشى مۇمكىن.

## بىناكارلىق ھۈنەر-سەنئەت نەقىشلىرى

مىلادىيە 10-، 11-ئەسىرلەردە ئىسلام دىنى شىنجاڭ رايونىغا ئومۇميۈزلۈك سىڭىپ كىردى. شۇ قاتاردا ئىسلام مەدەنىيىتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە مەلۇم تەسىر كۆرسەتتى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر بىناكارلىق ھۈنەر-سەنئىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى تېخىمۇ چوڭ بولدى. ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى بىناكارلىق ھۈنەر-سەنئەت قائىدە-پرىنسىپلىرى ئىچىدىكى ئايرىم تىپىكا تۈرلىرى، زىننەتلەش ئۇسۇللىرى بىناكارلىق ھۈنەر-سەنئىتىمىزدە ئىلغار چارىلەر سۈپىتىدە قوبۇل قىلىندى.

بىناكارلىقتىكى نەقىش بېزەكلىرى مەيلى بۇددا دىنى، مەيلى ئىسلام دىنى زىننەتلەش ئۇسۇلى بولسۇن پەقەت دىنىي ئەقىدىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسىي مەقسەتنى كۆزلەيتتى. چۈنكى ئىسلام دىنى مەدەنىيىتىدە بىناكارلىق ئىنشائاتلىرى مەسچىت، مەقبەرىلەر، مەدرىس، خانىقا دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى (ئۆتەڭلىرى)، خان ئوردا-سارايلىرى ئاساسىي ئوبيېكت قىلىنغان بولۇپ، ئۇستىلار ئاللا يولىدا ساداقەت كۆرسىتىش، ھاكىمىيەتكە ئۆز سادىقلىقىنى بىلدۈرۈش، ئەقىدە-ئېتىقادلىرىنى ئۆز ھۈنەرلىرى بىلەن ئىپادە قىلىش نىيىتىدە بىناكارلىق بېزەك نەقىشلىرى ئۈچۈن ئايانماي كۈچ-قۇۋۋىتىنى، بارلىق ئەقىل پاراسىتىنى سەرپ قىلاتتى. مۇشۇ سەۋەبلىك ئىسلام بىناكارلىقىدىكى بېزەك زىننەتلىرى تولىمۇ كۆركەم، نەپىس، گۈزەل كۆرۈنۈشكە ئىگە قىلىنغانىدى. بىناكارلىقتىكى زىننەتلەش ھۈنەر-سەنئىتى پەيدىنپەي تولۇراق ئۆي-جاي، ئىمارەتلەرنىڭ ھەر قانداق زىننەت ئورۇنلىرىغىچە كېڭەيتىلدى. ئۇيغۇر بىناكارلىق ھۈنەر-سەنئىتىدە بىر يۈكسىلىش بولۇپ، ئۇيغۇر بىناكارلىق ساھەسىدىكى ئۇستىكارلارنىڭ، نەققاشلارنىڭ بەس-بەس بىلەن ئۆز ھۈنەرلىرىنى نامايان قىلىپ يېڭى-يېڭى نەقىش ئۆلگىلىرىنى يارىتىپ چىقىشىغا ۋە نەققاش ئۇستىلارنىڭ كۆپلەپ يېتىشىپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى. ئۇيغۇر خەلقىدە ئۆي-ئىمارەتنىڭ ئىچى-تېشىنى تۈرلۈك نەقىش بېزەكلىرى بىلەن بېزەش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. شۇڭا ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا «ئۇيغۇرلار تاپقان پۇلنى تامغا چاپلايدۇ» دېگەن ماقال-تەمسىللەر كەڭ تارقالغان. ئومۇمەن ئالغاندا، ئۇيغۇر بىناكارلىق ھۈنەر-سەنئەت نەققاشلىقى ئۆزىنىڭ تەرەققىيات يولىدا كۆپ ئەگرى-توقايلىقلارنى باشتىن

كەچۈرگەن بولسىمۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەينى زامانىدىكى مەدەنىيەت-سەنئەت پېشۋالىرى، بىناكارلىق مۇتەخەسسىسلىرى ۋ
نەققاش ئۇستىكارلارنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ۋە ۋارىسلىق قىلىشى بىلەن ئۇيغۇر بىناكارلىق
ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ روشەن بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى دەۋرىمىزگىچە تولۇق ساقلاپ كەلگەنلىكتىن ئۇيغۇر بىناكارلىق
ھۈنەر-سەنئىتى بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە ئۇيغۇر مەدەنىيەت-سەنئەت سەھنىسىدە مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كېلىۋاتىدۇ.

بىناكارلىق ھۈنەر-سەنئىتى — مىمارچىلىق ۋە ئارخىتېكتورلۇق دەپمۇ ئاتىلىدۇ. لېكىن تۈپ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئىككى
ئۇقۇم مەزمۇن جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. مىمارچىلىق—بىناكارلىقنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە قۇرۇلمىسى بىلەن ئەڭ نازۇك زىننەت
قۇرۇلمىلىرىغىچە بولغان ھۈنەر-سەنئەت جەريانىنى كۆرسەتسە، ئارخىتېكتورلۇق بىناكارلىقنىڭ ئاساسىي ئۆلچەملىك گەۋد
قۇرۇلمىسى ۋە ئومۇمىي لايىھىلىنىشىنى كۆزدە تۇتىدۇ، بىناكارلىق ھۈنەر-سەنئەت نەققاشلىقى دىلكارلىق (سۇۋاق-پەرداز
سەنئىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا سىرچىلىق، ياغاچ ئويما، ياغاچ توقۇلما پەنجىرە (قەشقەر يەرلىك
ئاتالمىسى — چاڭزا)، كاھىش، ياغاچ قىرما، تۆمۈر پەنجىرە قاتارلىق ھۈنەر-سەنئەت قىسمى بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى
مىمارچىلىق كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. دىلكار دېگەن سۆزنىڭ گرامماتىكىلىق مەنىسى «ئىشقىنى
بېغىشلىغۇچى»، «چىن دىل بىلەن ئىشلىگۈچى»، «ھۈنەر كۆرسەتكۈچى» دېگەنگە ئوخشاش ئۇقۇملارنى بېرىدۇ. يەنە
ئوچۇقراق مەنە بەرگەندە بىناكارلىق كەسپىدە نەققاش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى نەققاش ئادەتتىكى سۇۋاق-پەردا
جەريانىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، گەج نەقىش زىننەتلىرىگىچە تەرەققىي قىلىپ يەتكەن مۇستەقىل كەسپىي نەققاشلى
ئورنىغا كۆتۈرۈلگەن دىلكاردۇر. بىناكارلىق ھۈنەر-سەنئىتىدە گەج ئويما نەقىشلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. خانىنىڭ ئىچك
قىسمى گەج نەقىش ھۈنەر تەرتىپى بىلەن ۋە زۆرۈر تېپىلغاندا ياغاچ قۇرۇلمىلاردا ياغاچ ئويما ھۈنەر-سەنئەت ئىش تەرتىپ
بويىچە ئىشلىنىدۇ ۋە بۇنىڭ ئايرىم جايلىرىغا سىر بىلەن نەقىش زىننەتلىرى بېرىلىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا خانىنىڭ ئىچك
قىسمىدىن سىرت، تاشقى تەرەپلەرگىمۇ گەج بىلەن زىننەت نەقىش بېرىش ئومۇملاشقان. ئولتۇراق ئۆي-جايلاردى
تاشقىرى مۇقەددەس مازار، مەسچىت، مەدرىسە، ئوردا، خانىقا قاتارلىق چوڭ كۆلەملىك ئالاھىدە قۇرۇلۇشلارغا بولسا سىرتقى ت
زىننەتلىرى ئۈچۈن ئاساسەن كاھىش نەقىشلىرى ئىشلىتىلىدۇ. بۇنداق بولۇشى: ئىشلەنگەن نەقىش بېزەكلەرنىڭ سىرتقى ھا
كىلىمات تەسىرىدىن (يامغۇر، قار، بوران) ساقلىنىش ھەمدە ئۇزۇن مۇددەت مۇكەممەل ساقلىنىپ قېلىشىنى مەقسەت قىلغا
(كاھىش ئايرىم چۈشەندۈرۈلىدۇ) گەج ماتېرىيالى بىناكارلىق تەرەققىي قىلغاندىن تارتىپلا بىناكارلىق ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ مۇھ
ماتېرىيالى بولۇپ كەلگەن. ئۇنىڭ سۇ بىلەن بىرىككەندە دەرھال قېتىشىش خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ گە
نەقىش بېزەكلىرى، تام قوپۇرۇشتا خىش قېتىغا قويۇش، سىدام سۇۋاق (گەجخار) نەقىش ئۈلگىلىرىنى (گەج نەقىش
ۋە كاھىش نەقىشلەر) تامغا چاپلاش ئۈچۈن لاي ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ قېتىشچانلىقىنى ۋە مۇستەھكەملىكىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈ
گەج تەركىبىگە ئۆلچەملىك سۇ قوشقاندىن باشقا تۇخۇمنىڭ ئېقى، قارا يېلىم (يەر يېلىمى)، لازىم تېپىلغاندا مەلۇ
مىقداردا دانىكا قوشۇلىدۇ. مۇشۇنداق ئۇسۇلدا گەج ئىشلىتىپ ياسالغان ئاسارەئەتىقە ئورۇنلار نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگ
بولغان بولسىمۇ ئۇنىڭغا ئىشلەتكەن گەجلەرنى ياكى گەج بىلەن چاپلانغان نەقىش ئۈلگىلىرىنى قول بىلەن ئاجرىت
ئېلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوتتۇرا ئەسىردە ياسالغان بەزى قۇرۇلۇشلارمۇ ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

گەج ماتېرىيال مەدەن تەركىبىدىكى تاش بولۇپ، ئۇنى خۇمداندا مەلۇم تېمپېراتۇرا چەكلىمىسىدە كۆيدۈرگەند

كېيىن تۈگمەندە تارتىپ پاراشوك ھالىتىگە كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ پاراشوك ئىشلىتىشكە تەييارلانغان پىششىق گەج ھېسابلىنىدۇ. گەجنىڭ ئىشلىتىلىش ئېھتىياجىغا قاراپ ھەر خىل دەرىجىدە تۈرلەرگە ئايرىپ ياساپ چىقىلىدۇ. گەجنىڭ ھەر خىل تۈرى ئۇنىڭ قېتىشچانلىقىنىڭ تېز ياكى ئاستا بولۇشى، قاتتىق ياكى يۇمشاقلىقى، ئاقلىقى ياكى سارغۇچلىقىدىن ئىبارەت. كۆيدۈرۈش ۋاقتى قانچە قىسقا بولسا قېتىشچانلىقى تېز بولىدۇ. سۇ تەركىبى نورمال بولسا قاتتىقلىقى ئاشىدۇ. كۆيدۈرۈش ۋاقتىدا غەيرىي ماددىلار قوشۇلۇپ قالمىسا ئاق-سۈزۈك بولىدۇ. بۇ بىر خىل ئومۇمىي چۈشەنچە بولۇپ، بۇ مەسىلە يەنىلا گەجنى پىششىقلاپ ئىشلەشتىكى تېخنىكىۋى تەلەپلەرگە باغلىق. گەجنىڭ يەنە بىر پەۋقۇلئاددە خۇسۇسىيىتى شۇكى: سۇ بىلەن قوشۇپ مەلھەم قىلىنغان گەج قېتىشقا باشلىغاندىن كېيىن قايتا قوزغىتىپ ئىشلەشتۈرۈلسە، قېتىشچانلىقى يوقاپ گەج ئۆلۈپ قالىدۇ. گەج قۇرۇتۇلغاندا ئۆزىنىڭ بالدۇرقى پوپاڭ ھالىتىگە قايتىدۇ. گەج قېتىشىپ ئاخىرقى چەككە يەتكەندىن كېيىنمۇ، ئەگەر نورمال ۋاقىت ئىچىدە قۇرۇتۇلمىسا ياكى ئۇزاق ۋاقىت ھۆل پېتىچە تۇرۇۋەرسىمۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆلۈپ قالىدۇ. گەجنىڭ رەسمىي قاتقانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن قول بىلەن بېسىپ بېقىشقا بولىدۇ. لېكىن ئەڭ ياخشى ئۇسۇل گەج رەسمىي قاتقاندا 50 گرادۇس ئەتراپىدا قىزىيدۇ. مانا بۇ گەجنىڭ تولۇق قاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ ۋە بۇنى قول بىلەن تۇتۇپ بېقىپ بىلىشكە بولىدۇ. گەج مەلھىمىنى تەييارلاشتا قانچىلىك لازىم بولسا شۇنچىلىك تەييار قىلىش، ئىشلىتىپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. چۈنكى گەجنىڭ قېتىش ۋاقتى چەكلىك بولۇپ، ئىشلىتىپ بولغىچە قېتىپ قالسا ئۇنى قايتا ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. مەلھەم تەييارلاشقا ئىشلەتكەن قاچىنى ھەر قېتىم پاكىز يۇيۇپ چىقىرىۋېتىپ ئاندىن قايتا تەييارلاش كېرەك. يۇقىرىقىلار گەج مەشغۇلاتىدىكى تېخنىكىۋى تەلەپلەر بولۇپ چوقۇم ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردۇر.

گەج نەقىشلىرىنىڭ ئىشلىنىش تەلىپى يۇقىرى، ئىش تەرتىپى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، بەلگىلىك تېخنىكىۋى سەۋىيىنى تەلەپ قىلىدۇ. گەج نەقىشلىرىنىڭ ئىشلىنىشى ئىككى خىل، ئۇنىڭ بىر خىلى نەقىش ئۈرنەكلىرى قېلىپقا چۈشۈرۈلۈپ قۇيۇپ چىقىرىلىپ، ئاندىن ئۇنى ھەر خىل نەقىش ئورگانلىرى بويىچە جايىغا كەلتۈرۈپ تەكرار تىزىپ بىرلەشتۈرۈش بىلەن بىر پۈتۈن نەقىش ھاسىل قىلىنىدۇ. ئىككىنچى خىل ئۇسۇلى: نەقىش ئۈلگىلىرىنى ئاختا (قەشقەرنىڭ يەرلىك ئاتالمىسى بويىچە، نەقىشنىڭ ئۈلگىلىرىنى يۈكى چۈشۈرۈۋېتىلگەن قوي ياكى ئۆچكە تېرىسىگە ياكى قېلىن تېرە قەغەزگە چۈشۈرۈپ، نەقىش شەكىللىرىنى يىڭنە ئارقىلىق ئۇششاق تۆشۈكچىلەرنى تېشىپ سىزىق ھاسىل قىلىپ تەييارلانغان ئەندىزە) غا چۈشۈرۈپ نەقىش ئىشلەنمەكچى بولغان ئورۇنغا ئالدى بىلەن بىر قەۋەت گەج مەلھىمى سۈرتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاختىنى قويۇپ، ئاختىنىڭ ئۈستىدىن سىنكا ياكى ياغاچ كۆمۈرى جەۋھىرى قاچىلانغان بېز لاتا خالتىنى ئاختىنىڭ نەقىش شەكىللىرى ئۈستىدىن ئۇرغاندا، ئۇششاق تۆشۈكچىلەر ئارقىلىق تەييارلانغان ئورۇنغا شەكلىنىڭ ئىزنىسى چۈشىدۇ. بۇ «پوك-پوك» دەپ ئاتىلىدۇ. شەكىل چۈشۈرۈلۈپ بولغان ئورۇنغا مەخسۇس ياسالغان گەج ئويۇش پىچاقلىرى (پوشتى گەردان) بىلەن ئويۇپ چىقىرىلىدۇ. بۇ ئىش تەرتىپى گەجنىڭ قېتىپ قۇرۇش ۋاقتىغىچە تاماملىنىش كېرەك. بۇ خىل ئۇسۇل يەرلىك نەققاش ئۇستىكارلار ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان ئەنئەنىۋى ئۇسۇل. بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلنىڭ ھۈنەر-سەنئەت جەريانىدا، نەتىجىسى ۋە ئىش ئۈنۈمىمۇ ئوخشىمايدۇ. قېلىپ بىلەن قۇيۇپ چىقىرىلغان نەقىشلەر

سۈپەتلىك، چىداملىق، ۋاقىت سەرپىياتى، ماتېرىيال سەرپىياتى ئاز بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. قول بىلەن ئويۇپ ئىشلەش ئۇسۇلى گەرچە ئۇستىكارلارنىڭ بىۋاسىتە ھۈنەر ماھارىتىنى كۆرسىتىپ بېرەلىسىمۇ، سۈرئەت ئاستا، ماتېرىيال سەرپىياتى كۆپرەك، نەقىش ئېلېمېنتلىرى ۋە ئورنەكلەرنىڭ بىردەكلىكىگە ۋە ئۇنىڭ سۈپەت جەھەتلىرىگە كېپىللىك قىلىش تەسرەك بولۇشتەك كەمچىلىكلەر مەۋجۇت. بىراق زىننەتلەش ئورنى بىر قەدەر چوڭ بولغان بىر ئورگانلىق مۇستەقىل نەقىش نۇسخىلىرى، مۇرەككەپ بولغان چوڭ ئورگانلىق كورگول نەقىشلىرى، نومۇيان نەقىشلىرى، مېھراپ ماسلاشقان نەقىشلىرى، گۈمبەز، تورۇس نەقىشلىرىگە ئوخشاش قېلىپتا قۇيۇپ چىقىش ۋە يۈتكەپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئەپسىز بولغان نەقىش ئۆلگىلىرىنى يەنىلا بىۋاسىتە ئويۇپ چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىر بىناكارلىق بېزەك زىننەت ئىشلىرىدا بۇ مەسىلە ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىندى، نەقىش ئورگانلىرىنىڭ سۇنۇپ كېتىش خەۋپىدىن ساقلانغىلى بولىدىغان يېڭى ھۈنەر-سەنئەت تېخنىكىسى قوللىنىلدى. يەنى گەج مەلھىمىگە كۆچىنىشكە چىداملىق بولغان قەغەز تۈتىتى (سۇدا يۇمشىتىلغان قەغەز بوتقىسى)، ئەينەك سۇنىقى تالا، كىرەكسىز چىگە ماتېرىياللار تۈتىتى قاتارلىق تۈتىسىمان ماتېرىياللارنى قوشۇپ ئىشلەتكەندە، گەج قېتىشقاندىن كېيىن ئۇنىڭ چورۇك، سۇنۇچان ھالىتى ئۆزگىرىپ، ھەر قانچە نېپىز، ھەجىمى چوڭراق بولغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ قۇيۇپ تەييارلانغان نەقىش تاختىسى سۇنمايدىغان ھالەتكە ئىگە بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەجىمى چوڭ مۇرەككەپ ئورگانلىق نەقىشلەرنىمۇ قېلىپ بىلەن قۇيۇپ چىقىشقا ۋە بىخەتەر ئورۇنلاشتۇرۇشقا مۇمكىنچىلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى زامان يېڭى ماتېرىيالى بولغان سۈنئىي كۆپتۈرمە تاختا (بىگبەن ياكى سۇلياۋ پاۋمو) بىلەن مەخسۇس ئەسۋاب ئارقىلىق 2 ـ 3 سائەتتىلا خېلى مۇرەككەپ بولغان بىر ئورگانلىق نەقىش قېلىپىنى ياسىغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مۇرەككەپ ئورگانلىق نەقىشلەرنىمۇ بىر ئورگاننى بىر نەچچە بۆلەك قېلىپقا چۈشۈرۈپ بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەشكە ئامال تېپىلدى. بۇ ئۇسۇلنى سىناق قىلىپ ئىشلىتىپ شىنجاڭ ئىسلام دىنى شۆبىۋىنى، ئۈرۈمچى خانتەڭرى جامەسى ئىچكى زىننىتى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسى قاتارلىق چوڭ كۆلەملىك ئورۇنلارنىڭ مۇرەككەپ زىننەت نەقىشلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ تاپشۇرۇپ بېرىلدى. ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولدى.

گەج نەقىشلەرنىڭ كۆرۈنەرلىك بەدىئىي ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ، نەقىش تەكتىدىن سىرتقا قارىتا كۆپتۈرمە ھالەتتە تۇرىدۇ. نەقىشنى تەشكىل قىلغۇچى پۈتكۈل ئېلېمېنت ۋە ئۇنىڭ شەكىل سىزىقلىرى ئوتتۇرىسىغا قىيپاش ئېرىقچە ئويۇلۇپ ئىككى يان تەرەپمۇ قىيپاش ھالەتتە چۈشۈپ تەككە ئۇتىشىپ تۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق روشەن ئابيوم شەكىللەندۈرۈلىدۇ. بۇنداق بولۇشى بىر تەرەپتىن نەقىشلەرنىڭ ئىشلىنىش قائىدىسىگە تولۇق ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان (قېلىپتىن چىقىرىش ئاسان بولۇشنى كۆزدە تۇتقان) بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇنداق ئىشلەنگەن نەقىشلەرنىڭ بىر ۋاقىتتىن ھەرقايسى بەتلىرى كۆزگە چېلىقىپ نەقىشلەرنىڭ ئابيوملۇق ۋە گۈزەللىك ئۈنۈمىنى ئۇستۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، نەقىش سىزىقلىرىنىڭ ھەم كۆپتۈرۈلۈپ ھەم قىيپاش ھالەتتە ئويۇلۇشى، نەقىش ھاسىل قىلغۇچى ئېلېمېنتلار غۇنچە، بىغىش، يوپۇرماق ۋە گۈل-غۇنچىلارنىڭ ئىچىدە تۆت بەتنى ھاسىل قىلىپ نەقىش سىزىقلىرىنى تېخىمۇ جانلىق كۆرسىتىپ پۈتۈن نەقىشنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ بېرىدۇ. بىناكارلىق ھۈنەر-سەنئەت نەقىشلىرى ئىچىدە يەنە كاھىش نەقىش، سىزما نەقىش (سىرچىلىق)، ياغاچ ئويما، توقۇما نەقىشلەر، خىش توقۇما پەنجىرە، خەت-يېزىق ئويما، كۆككۆرا نەقىشلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆز ئالدىغا ئالاھىدىلىكى بويىچە ھۈنەر-سەنئەت تۈرى بولۇپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

نەقىش-بېزەك ئىشلەشتىكى ئىش تەرتىپى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن كېرەك قىلىنىدىغان ماتېرىيالى، ئەسۋاب-سەرەمجانلىرىمۇ ئوخشىمايدۇ.

كاھىش نەقىشلەر:

كاھىش پىششىقلاپ ئىشلەش تەلپىدىن قارىغاندا ساپالچىلىق ھۈنەر-سەنئىتىگە مەنسۇپ ئىش تۈرىدۇر. ئۇنىڭ ئىش تەرتىپى، رەڭ تەلىپى ساپال بۇيۇملارنى ئىشلەش قائىدىسى بىلەن ئوخشاش. ئۇنىڭ ئاساسىي ماتېرىيالى سېغىز توپا بولۇپ، ساپال بۇيۇملار ئۈچۈن تەييارلانغان سېغىز لايدىن نەقىش ئورنەكلىرىنىڭ ھەر بىر ئايرىم ئورگانلىرى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئۆلچەمدە پارچىلار تەييار قىلىنىدۇ. قۇرۇتۇپ تەييار قىلىنغان پارچىلارغا تەلەپ بويىچە بەلگىلەنگەن رەڭلەر نەقىش شەكىللىرى بويىچە بىرمۇ بىر سىزىپ چىقىلىدۇ. (بۇ رەڭلەر يەنىلا ساپال بۇيۇملار رەڭلىرىدىن ئىبارەت). ئاندىن ئۇنى خۇمداندا مەلۇم قىزىتىلىش تېمپېراتۇرىدا پىشۇرغاندىن كېيىن رەسمىي كاھىش نەقىشلىرى بولۇپ تەييار بولىدۇ-دە، بىر-بىرىگە توغرا كەلتۈرۈپ گەج مەلھىمى بىلەن بەلگىلەنگەن ئورۇنغا چاپلىنىدۇ. كاھىش نەقىشلىرى كۆپىنچە ئىككى تەرەپكە ۋە تۆت تەرەپكە داۋاملاشقان شەكىللەر بىلەنلا چەكلىنىدۇ. مۇستەقىل نەقىش ئۈلگىسى بولۇپ ئۇچرايدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. مۇنداق مۇستەقىل ئۈلگىلەر (ئەلۋەتتە بۇنىڭ خىلى ئىنتايىن كۆپ) بىر-بىرىگە ئىختىيارى تەرتىپسىز ھالەتتە چاپلانسىمۇ ئۇنىڭ نەتىجىسى يەنىلا كۆركەم سەنئەت ھېسسىياتى بېرىپ تۇرالايدۇ. كاھىش نەقىشلىرىنىڭ گۈل ئۈسخىلىرى بەك مۇرەككەپ بولۇشى تەلەپ قىلىنمايدۇ ھەم نەقىش شەكىللەندۈرگەن ئېلېمېنتلىرى، گەج نەقىش ئېلېمېنتلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ بىر خىل ئىختىيارىلىق ۋە ئاددىيلىقنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ مۇنداق ئاددىي ئۇسلۇبلىرى ۋە سىستېمىسىز كۆرۈنۈشى ئۇنىڭ قەدىمىيلىك تارىخىنى گەۋدىلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. ھازىرغىچە بىزنىڭ يولۇقتۇرغان كاھىش نەقىش ئۈلگىلىرىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ نەقىش شەكىللىرىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى مۇنداق تۆت خىل ھالەتتە ئۇچرايدۇ. بىر خىلى: كاھىش نەقىشلىرىنىڭ شەكىل سىزىقلىرى لاينىڭ قۇرۇش ئالدىدىكى ھۆل ھالىتىدە لايغا پاتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن سىزىق شەكىللەندۈرگەن ھەمدە نەقىش شەكىللىرى بىلەن نەقىش تەگلىكىنى پاتۇرما سىزىقلار بىلەن ئايرىپ ئىپادىلەپ تەگلىك رەڭگى بىلەن نەقىش رەڭگىنى ئايرىغان. بۇ ئۇسۇلدا كاھىشنىڭ نەقىش شەكىللىرى تەگلىكى بىلەن مەلۇم ئايرىملىق ئېگىز-پەسلىك ھاسىل قىلمىسىمۇ، پاتۇرما سىزىقلارنىڭ لاي يۈزىگە ئويۇپ كىرىشىدىن ھاسىل بولغان ئىرىقچە سىزىقلار يەنىلا مەلۇم ئايرىملىق ھېسسىياتىنى بېرىپ تۇرىدۇ. بۇنداق پاتۇرما سىزىقلارنىڭ رولى شۇكى: بىر تەرەپتىن تەگلىكى بىلەن نەقىش شەكىل رەڭلىرىنى؛ خۇمداندا پىشۇرۇش جەريانىدا ئېرىگەن ئاقما رەڭ سۇيۇقلۇقىنىڭ بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ شەكىللەرنى بۇزۇۋېتىشتىن ساقلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن نەقىش يۈزىگە قونغان چاڭ-توزان بۇ ئىرىقچىلار ئىچىگە توشۇپ تەبىئىي توپا رەڭ سىزىقچىلارنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇنداق توپا رەڭ سىزىقچىلار كاھىش نەقىشلىرى ئۈچۈن بېرىلگەن ھەر قانداق رەڭلەرگە ماسلىشالايدۇ. بۇنىڭ بىلەن نەقىش شەكلى بىلەن تەگلىكى رەڭگى بىر-بىرىدىن ئېنىق ئايرىلىپ نەقىشكە گۈزەل تۈس بېرىدۇ. مۇنداق ئۇسۇلدا ئىشلەنگەن كاھىشلارنىڭ ھۈنەر-سەنئىتى يۇقىرى، نەقىش ئۈلگىلىرى مۇكەممەل، قائىدە-قانۇنلۇق ۋە ئۆلچەملىك بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، نىسبەتەن مۇرەككەپ قۇرۇلمىدىكى گېئومېتىرىك شەكىللەردىن قۇرۇلغان نەقىش ئۈلگىلىرىمۇ مۇشۇ ئۇسۇلدا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىشلەنگەن. مۇنداق يۇقىرى سەۋىيىدە ئىشلەنگەن كاھىشلاردىن ساقلىنىپ قالغىنى قورغاس ناھىيىسىدىكى داڭلىق «تۇغلۇق تۆمۈرخان» مازىرى بولۇپ، ئۇنىڭ تارىخى 800 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، نەقىش ئۆرنەكلىرى ھازىرقىدەكلا رەڭدار جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. ئىككىنچى خىلى: كاھىشنىڭ تەكتى قىسمىغا بىر باسقۇچ تەكتى رەڭگى بېرىپ بولۇپ، ئىككىنچى باسقۇچتا نەقىش شەكىل رەڭلىرىنى بېرىپ تاماملىنىدۇ. تەكتى بىلەن نەقىش شەكىل رەڭلىرىنى ئايرىپ تۇرىدىغان چېگرا سىزىق ئۈچىنچى خىل رەڭدە بېرىلىدۇ. بۇنىڭدا ئەلۋەتتە تەكتى رەڭ بىلەن نەقىش شەكىل رەڭلىرىگە نىسبەتەن ياكى ئىسسىق-سوغۇق قارىمۇ قارشىلىقى ياكى يورۇق-كۆلەڭگە قارىمۇ قارشىلىقى ھاسىل قىلىنىشى شەرت قىلىنىدۇ. بۇنداق كاھىش نەقىشلىرىنىڭ گۈل نۇسخىلىرى ئىنتايىن ئەستايىدىل كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىنىدۇ. ھەر بىر تەكرارلىق ئورگان بىر-بىرىگە دەلمۇ دەل چۈشىدىغان، بىرقەدەر ئۆلچەملىك بولۇشى لازىم. مەيلى ئىككى تەرەپكە داۋاملاشقان نەقىش ئۆلگىلىرى بولسۇن، ياكى تۆت تەرەپكە داۋاملاشقان نەقىش ئۆلگىلىرى بولسۇن، بۇلار بىر-بىرى بىلەن بىرىككەندە ناھايىتى سىستېمىلىق، قائىدىلىك نەقىش نۇسخىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇنداق خىلدىكى نەقىش نۇسخىلىرى ھازىر يەكەن چىلتەن مازىرىدىكى بەيس ھېكىمبەگ مازىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا، قەشقەردە يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىنىڭ بۇرۇنقى خارابىسىدا ئاز مىقداردا ساقلىنىپ قالغان. ئۇرغۇن نەقىش ئۆلگىلىرى بۇزۇۋېتىلگەن. بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغىنى يەكەن بەيس ھېكىمبەگ گۈمبىزىنىڭ ئىچكى قەبرىسىدە بولۇپ، يەكەندىكى مەدەنىيەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلارنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە كۆڭۈل قويۇپ ئاسراپ قېلىشى بىلەن زىيان-زەخمەتتىن ساقلىنىپ قالغان. ئۈچىنچى بىر خىلى: گەج نەقىشلىرىنى ئۆلگە قىلىپ ئابىيوملۇق ئىشلەنگەن كاھىش نەقىشلەر: بۇنداق نەقىشلەر ئاساسەن گېئومېترىك شەكىللەردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭ خىللىرى ئانچە كۆپ ئەمەس. بۇ پەقەت قەشقەردىكى يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىنىڭ تاشقى تام زىننىتى نەقىشلىرى ئارىسىدا ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ ئىشلىنىش تەلىپى گەج قۇيما نەقىشلەر ئىش تەرتىپىگە ئوخشاش بولۇپ، نەقىش ئۈچۈن تەييارلانغان لايىنى نەقىش ئۆلگە قېلىپىغا بېسىپ چىقىرىپ، قۇرۇتۇپ بەلگىلەنگەن تەكتى ۋە نەقىش شەكىللىرىگە رەڭ بەرگەندىن كېيىن خۇمداندا پىشۇرۇپ تەييار قىلىنغان. بۇنداق ئابىيوملۇق كاھىش نەقىشلىرىنىڭ ھازىرغىچە بىز ئۇچراتقان ئۆلگىلىرىگە قارىغاندا، ئۇ پەقەت تۆت تەرەپكە داۋاملاشقان نەقىش ئۆلگىلىرىدىن ئىبارەت. بۇنداق نەقىشلەرنىڭ تەكتى بىلەن نەقىش شەكىللىرى (نەقىش شەكىللىرى تەكتىدىن كۆپۈپ چىقىپ تۇرىدۇ) ئۆز ئابىيوملۇقى بىلەن رەڭ ۋە چەك ئايرىپ تۇرىدۇ. تۆتىنچى بىر خىلى: ئابىيومسىز، تەكشى بەتلىك، تەكتى بىلەن نەقىش شەكىل رەڭلىرىنى ئايرىپ تۇرۇش ئۈچۈن چېگرا ئايرىش سىزىقى ئىشلىتىلمىگەن ئۆلگىلەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىشلىنىشى بىر قەدەر ئىختىيارى، نەقىش شەكىل ۋە ئېلېمېنتلىرى ئاددىي، بۇنداق كاھىشلارنىڭ نەقىشلىرى ھەر خىل شەكىل نۇسخىلىرى ئىختىيارى مۇستەقىل نەقىشلەردىن ئىبارەت. بۇ خىل كاھىشلارنى ئىككى تەرەپكە ياكى تۆت تەرەپكە داۋاملاشتۇرۇپ ئىشلەتسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. لېكىن بۇنداق كاھىشلارنىڭ نەقىشلىرى بىر-بىرى بىلەن باغلىنىپ سىستېمىلىق ۋە مۇكەممەل نەقىش ئۆلگىسىنى ھاسىل قىلمايدۇ. بۇ پەقەت بىر خىل خىيالەن شەكىل سەنئىتى تۇيغۇسىنى ئىپادىلەپ يىراقتىن قارىغاندا يەنىلا مول مەزمۇنلۇق گۈزەللىك تۈسنى بېرىپ تۇرىدۇ. بۇنداق كاھىش نەقىش ئۆلگىلىرىنى نىسبەتەن كەڭ كۆلەمدە قوللانغان بولۇپ، قەشقەردىكى ئاپئاق

...ري قاتارلق كۆپلگەن كاھشلق قۇرۇلۇش يادكارلقلىردا ئومۇميۈزلۈك ئۇچرايدۇ. بۇنداق كاھشلارنڭ ئۇسلۇبدن ...برلا ۋاقتتا ئۇرغۇن ئۇستىلار قول-قولچە شەكل سزىپ، ھەركم ئۆز ئۇسلۇبنى ياكى ئۆزى بلگىننى نامايان ...لقنى كورۇۋالغلى بولىدۇ. كاھشنڭ يەنە بر ئايرم خلى: مازار، مەسچت تاملرى ۋە دەرۋازا ئۈستگە بېرلگەن ...شەددە نەقش ئۆلگلىردن ئىبارەت. بۇنداق شەددە نەقش ئۆلگلىرنڭ ئىشلنش مقدارى ئاز. ئىشلەش ...سەنئەت تەرتپى نسبەتەن تەسرەك بولىدۇ. بولۇپمۇ بر پارچە ئورگانلق شەددە نەقش مەلۇم ئۆلچەمدكى شەددە ...شەكل بلەن تەييارلنپ (ئۇنڭ سرتقى شەكلى ياي شەكللك بولغانلقتن نەقش ئورگانلرى ئۈچۈن تەييارلانغان لاينى شۇ ...شەكلگە كەلتۈرگەندن كېيىن ئاندن قۇرۇتۇپ رەڭ بېرىدۇ) خۇمداندا پشۇرۇپ چىقلغاندن كېيىن بر-برىگە ...ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بۇ ھۈنەر-سەنئەت تۈرى ساپالچلق ھۈنەر-سەنئتىدە ئالاھدە بر تۈر بولۇپ ھازرغىچە ...كەلمەكتە. بۇنڭ تەگكى ۋە نەقشلرنڭ رەڭلرى بر-برىدن ئايرلپ تۇرۇش تەلەپ قىلنمايدۇ. ئۇنڭ ...سرتقى شەكلى (شەددە ھالتى) نەقش ئۆلگسنى بەلگلگەن بولۇپ، ئۇ ئاساسەن بر خل رەڭ (يېشل رەڭ) ...ئىشلنىدۇ. شەددە نەقشلەر يراقتن قارىغاندا كۆك ئاسمان ئۈپۈق رەڭگى ئۈستدە ياپيېشل ئىھاتە ئورماننى، شاھلق ...ئوتىغات (مەخسۇس شاھ مەلكسى تاجى) تۇيغۇسنى ئەسلتىدۇ.

شەددە نەقشلەردە ئۇنڭ ئورگان تەكرارلقى بەزلىردە ئوخشاش، بەزلىردە برى چوڭ، برى كچك، برى ...برى پەس ھالەتتە بولسمۇ ھامان بر قاتار رەڭلك ئىگز-پەسلكنى ھاسل قىلىدۇ. كاھش نەقشلەر تەننەرخنڭ ...بولۇشى، ئۇنڭ چدامللق بولۇشى سەۋەبلك بنا قۇرۇلملرنڭ ئىچكى قسمغا بولۇپمۇ ئولتۇراق ئۆي-جايلارغا ...ئىشلتلمەيدۇ. كاھش پەقەت مۇقەددەس مازار، مەسچتلەرنڭ تاشقى تاملرغا، قەبرلەرگە ئىشلتلدىغان بولۇپ، ...لەر ئۇنڭ مەڭگۈ ئۆچمەس رەڭگى بولۇشتەك ئالاھدلكدن پايدلنپ كشلەر قەلبدە بۇ ئورۇنلار خاترىسى ...زامانلارغىچە ئەۋلادتن ئەۋلاد نامايان بولۇپ تۇرۇشنى كۆزلگەن بولۇشى مۇمكن.

## سرچلق (سزما نەقشلەر)

ئۇيغۇر بناكارلق ھۈنەر-سەنئتىدە سرچلق ھۈنەر ئاتالمسى بلەن ئاتالمسمۇ، ئۇنڭ ئاساسي مەشغۇلاتى يەنلا بېزەك ...قاشلقننڭ سزمچلق مەشغۇلاتى بلەن ئىپادىلنشنى كۆزدە تۇتىدۇ. يەنە بر تەرەپتن بنانڭ ئومۇمي ياغاچ ...قۇرۇلملرىنى ھەر خل سرلاش ياكى سيدام سرلاش، نەقش بېزەكلرنى ۋە ھەر خل مەنزرە كورۇنۇشلرنى ...سرلەشتۇرۇپ سزپ بېزەش ئىھتياجنى قاندۇرۇش مەقسەت قىلىنىدۇ. سرچلق ئۇسۇلى بلەن ئىشلەنگەن بېزەك ...نەقشلەر تەكتى بەتلك ئابيومسز بولىدۇ. ئۇنڭ بەدىي ئالاھدلكى: رەڭلرنڭ ئىنتاين كوركەم بر-برىگە ...ماسلاشقان، ھەم قارىمۇ قارشى قويۇلغان كۆپ خل رەڭلەرگە ئىگە ئىكەنلكدە ئىپادىلنىدۇ. شۇڭلاشقا نەقش ...شەكللىرى ۋە ئىبلمىتلرنڭ ئوبرازى ئىنق، مەزمۇننڭ مول بولۇشى سزما نەقشلەرنڭ بەدىيلكنى كۈچەيتپ ...بېرىدۇ. سزمچلق بېزەك ئۇسۇلى قەشقەر رايونىدا ئومۇميۈزلۈك قوللىنلغان بولۇپ، ئولتۇراق ئۆي-جاي قۇرۇلۇشىدا،

新疆大学图书馆藏书

www.uyghurkitap.com

مەسچىت تورۇس، تۈۋرۈك قۇرۇلمىلىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. بولۇپمۇ خا، جەگە، هاراق، سەراپ قىسمىدىكى بىزەك نەقىشلەر مۇشۇ سىر سىزمىچىلىق ئۇسۇلى بىلەن ئىشلەنگەن. سىزما نەقىشلەر ئارىسىغا ھەر خىل مەنزىرە كۆرۈنۈشلىرى، يەرلىك مېۋە-چېۋە، رەڭمۇ رەڭ گۈل دەستىلىرىنىڭ قوشۇلۇپ كېلىشى بىزەك كۆرۈنۈشلىرىنى تېخىمۇ مول مەزمۇن بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە سىر سىزمىچىلىق پەقەتلا بىناكارلىق ھۈنەر-سەنئىتى دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ قالماستىن، ئۆي بىساتى، ياغاچ جاھازلارغىچە كېڭىيىپ، ئۇنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ئىنتايىن قويۇق بولغان ئەنئەنىۋى شەكىل قۇرۇلمىسى بىلەن سىر سىزمىچىلىق ھۈنەر-سەنئىتى بىللە قوشۇلۇپ كۆز ئالدىمىزدا ئالاھىدە ماھارەت بىلەن ئىشلەنگەن سەنئەت بۇيۇمىنى نامايان قىلدى. بۇنداق ئىشلەنگەن بۇيۇملار قەشقەر شەھەرلىك مىللىي ئۆي جاھازلىرى زاۋۇتىدا ئىشلەنگەن بۇيۇملار)، كورلا، كۇچا ۋە باشقا ئورۇنلاردا ئۆزىنىڭ بەدىئىي سەنئەت قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن داڭقىنى چىقارماقتا.

## ياغاچ ئويما، پەنجىرە ۋە ياغاچ توقۇلما نەقىشلىرى

بىناكارلىق ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ بۇ تۈرى، ئومۇمىي ئاتالما بويىچە ياغاچچىلىق ھۈنىرىگە قارىتىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھۈنەر-سەنئەت ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، ئۇ يەنىلا كەسپىي ھۈنەر خاراكتېرىنى ئالغان. ياغاچ ئويما نەققاش ياغاچچىلىق ھۈنەر-سەنئەت جەريانىنىڭ ئاخىرقى پەرداز ياكى زىننەت باسقۇچىدىكى ئەڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك ئىش تەرتىپى ھېسابلىنىدۇ. *لېكىن ھەممە ياغاچچىلىق ئۇستىلىرى مۇنداق ئىنچىكە ياغاچ ئويما نەققاشلىقىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىشى ناتايىن.* ياغاچ ئويمىچىلىق، ئۇزۇن مۇددەت ياغاچ بۇيۇملار ياساش مەشغۇلاتى جەريانىدا يۇقىرى دەرىجىدىكى ياغاچچىلىق تېخنىكىسىنى ئىگىلەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە يۇقىرى دەرىجىدە نەقىش قۇرۇلما شەكىللىرى ۋە شەيئىلەرنى ئوبرازلاشتۇرۇپ كۆزىتەلەيدىغان بەدىئىي ئىقتىدارنى يېتىلدۈرگەنلىكىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ياغاچ ئويمىچىلىق باشقا نەققاشلىق تۈرلىرىگە ئوخشاشلا قوپاللىقنى، ئالدىراڭغۇلۇقنى ھەرگىز كۆتۈرمەيدۇ. ئۇ چوقۇم ھۈنەر-سەنئەت مەشغۇلاتى قائىدىسىگە قاتتىق رىئايە قىلىپ ئەستايىدىل ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. ياغاچ ئويمىچىلىق ئۇيغۇر بىناكارلىق قۇرۇلمىسىنىڭ ھەر قانداق ئايرىم بۆلەكلىرىدە ئۇچرايدۇ. ئەنئەنىۋى ياغاچ قۇرۇلما تۇرۇسلۇق ئولتۇراق ئۆيلەر ۋە ئاممىۋى چوڭ مەسچىت خانىقالارنىڭ ۋاسىجىپ تورۇسلىرىدىكى خا، جەگە، هاراق، پارامان قاتارلىق ياغاچلىرىدا، پېشايۋان تۈۋرۈكلىرى (ھېيتگاھ جامەسى، ئاپپاق خوجامدىكى دۆڭ مەسچىت پېشايۋانلىرىنىمۇ ئۇز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئىشىك قاناتلىرى، ئىشىك كېشەكلىرىدە ئومۇميۈزلۈك ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇنىڭدەك پېشايۋان تۈۋرۈكلىرىنىڭ بېشى (كاللىمۇ خەنەس شەرپە قىسمىمۇ ھەم ياغاچ ئويما ھەم بۆلەكلىرىنى قوراشتۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈپ ياسالغاندۇر. بۇنىڭدىن باشقا ئادەتتىكى ئۆي جاھازلىرى ياغاچ سەرەمجانلاردىمۇ بۇ خىل ياغاچ ئويمىچىلىق قوللىنىلىدۇ.

بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، بىر ھۈنەر-سەنئەت تۈرىدىكى نەقىش ئۆرنەك قۇرۇلمىسى ياكى ئېلېمېنتلىرى ئىككىنچى تۈردىكى بىزەك نەقىش شەكىللىرىگە ئوخشىمايدۇ. بىر خىل قۇرۇلۇش ئۈچۈن ئىشلىگەن بىزەك نەقىشلىرىنىڭ ئىلاجى بار تەكرارلانماسلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ھال ئۇستىلارنىڭ ماھارىتىنىڭ يۇقىرىلىقى، تەپەككۇرىنىڭ

كۈچلۈك ئىكەنلىكى، بىلىمىنىڭ كۆپ ھەم تىرەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ياغاچ ئويما ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ بېزەك نەقىش شەكىللىرىمۇ ئالاھىدە بولۇپ باشقا تۈرلەردىن پەرقلىنىدۇ. بۇنىڭ توپ سەۋەبى شۇكى: ئۇنىڭ ھۈنەر-سەنئەت قانۇنىيىتىگە، ماتېرىيال ۋە ئەسۋاب-سايمانىنىڭ ئىشلەش ئىقتىدارىغا بويسۇندۇرۇلغانلىقىدا، ياغاچ ئويمىچىلىق بېزەك نەقىشلىرى چوڭ-كىچىك يايى شەكىللەرنىڭ ئۆزئارا ئۇلىنىپ بىرىكىشىدىن قۇرۇلغان بەدىئىي شەكىلدۇر. بۇنداق بولۇشى ئويۇش ئەسۋابلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى (پىچاقنىڭ بىسى) تورلۇك ئۇلچەمدىكى يايى شەكىللىك بولغان چەكلىمىگە ئاساسەن كېلىپ چىققان ئۆزگىچە ئۇسلۇبتىن ئىبارەت. نەقىش قۇرۇلما ئېھتىياجىغا ئاساسەن كېسىك ۋە تۈز سىزىقلىق شەكىللەر ئۈچۈن ياسالغان تۈز بىسلىق پىچاقلار بار. ياغاچ ئويما نەقىشلەر ئاساسەن ئابىيوملۇق بولۇپ، ئابىيوملۇق ھالىتىنى ئىپادىلەش ھەر خىل بولىدۇ. بىر خىلى: نەقىشنىڭ شەكىل قۇرۇلمىلىرىنى قالدۇرۇپ قويۇپ نەقىشنىڭ تەكتى قىسمى چېپىپ ئېلىۋېتىلىدۇ. نەقىش شەكىللىرىنىڭ تەكتى بىلەن ئۇتتۇشىدىغان يان بەتلىرى قىيپاش بولماستىن تىك بولۇپ چۈشىدۇ. نەقىش سىزىقلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېرىقچە ئويۇلمايدۇ. قارىغاندا نەقىش شەكىللىرى نىسبەتەن يورۇق رەڭ، تەكتى قىسمى بولسا قېنىق رەڭ بولۇپ كۆرۈنىدۇ. بۇ خىلدىكى ئويۇش ئۇسۇلى مەھمۇت قەشقەرى مەقبەرىسىنىڭ پېشايۋان ۋە ئىچكى ھوجرىلار قۇرۇلمىسىدا، جەگە، هاراق، خا قۇرۇلمىلىرىدا كەڭ تۈردە قوللىنىلغان. ئۇ ياغاچ ئويما نەقىشلىرى ئىچىدە ئالاھىدە ئۇسلۇب شەكىللەندۈرگەن. يەنە بىر خىل ئۇسۇل: نەقىش شەكىللىرىنى ئابىيوملۇق ئىپادىلەشتە، گەج نەقىش ئابىيوم ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا پۈتۈنلەي ئوخشاش بولۇپ، نەقىش شەكىللىرىنىڭ تەكتى بىلەن ئۇتاشقان يانتۇ بەت نەقىش شەكىل سىزىقلىرىنىڭ ئىچى ئېرىقچە ئويۇلغان. بىراق بۇنداق نەقىش تۈز بەتتىن ئالاھىدە كۆپتۈرۈپ چىقىرىلماستىن، نەقىش شەكىللىرىنىڭ بوشلۇق بىلەن ئۇتاشقان تەكتىدىن پەيدىنپەي ئويۇلۇپ پەسلىتىپ تەڭ ھاسىل قىلىنغان. ئومۇمەن قارىغاندا، نەقىش شەكىللىرىنىڭ بېتى بىلەن شەكىل چۈشۈرۈلگەن ئورۇننىڭ ئەسلى يۈزى بىر تەكشىلىكتە كۆرۈنىدۇ. يەنە بىر خىلى: نەقىش شەكىللىرى كۆپىنچە ئەھۋالدا زىچ ۋە كىچىك ئاددىي ئېلىمېنتلىق قىلىپ لايىھىلىنىپ گېئومېترىك شەكىللەر ئاساسىدا تەكتى قالدۇرۇلماستىن نەقىش شەكىللىرى يانتۇ بەتلەرنى ئاساس قىلىپ ئابىيوم ئىپادىلەيدۇ. بۇنداق نەقىش شەكىللىرىنىڭ ئېلېمېنتلىرى چەمبەر، ئۇتتۇبۇلۇڭ شەكىللەر ئارقىلىق گۈل-چېچەك شەكىللىرىنى ئىپادىلەپ كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئويۇش ئۇسۇلى چوڭ قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇشلاردا خا، جەگە، هاراق ۋە تۈۋرۈك بەتلىرىدە ئۇچرايدۇ. كىتو (چافى ياكى كارنىۋات)، كات ساندۇق، ئىشىك قانات ۋە كىشەكلىرى، خاپان ساندۇق، تاماق شىرەسى، رەھلە، كورسا-ئورۇندۇق قاتارلىق ئۆي جاھازلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ.

## پەنجىرە، روجەك نەقىشلىرى

پەنجىرە — ئۇيغۇر بىناكارلىقىدا ئەنئەنىۋىلىكى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىك بولغان ياغاچچىلىق ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ نازۇك بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ. پەنجىرە ئەسلىدە دېرىزە، ئىشىك بېشى، روجەك ئورنىدا قوللىنىلغان باغاقچە ياغاچ قۇرۇلمىلىق بېزەك نەقىشىدۇر. ياغاچ باغاقچىلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن ئۆزئارا چىتىشمىلىق قائىدە پرىنسىپى ئارقىلىق

ئىنتايىن كۆركەم، بەدىئىيلىكى كۈچلۈك بولغان خىلمۇ خىل گېئومېترىك شەكىللەر ۋە تۈت تەرەپكە داۋاملىشىدى... نەقىش قۇرۇلمىلىرى ھاسىل قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ مۇنداق ئوبرازلىق بەدىئىي ئالاھىدىلىكى كىشىدە ئىستېتىك روھ ۋە نەققاشى... ئەقلىي ماھارىتىگە چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە قايىللىق تۇيغۇسىنى قوزغايدۇ. پەنجىرە — ياغاچ پەنجىرە، تۆمۈر پەنجىرە ۋە گە... پەنجىرىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ياغاچ پەنجىرىلەرنىڭ قۇرۇلما ئۇسلۇبلىرى ئىنتايىن كۆپ، قوللىنىلىدىغان رايو... دائىرىسىمۇ بىر قەدەر كەڭ. پەنجىرە ھۈنەر-سەنئىتى ئۇيغۇر بىناكارلىق ھۈنەر-سەنئىتىدىن باشقا خەنزۇ، خۇيزۇ ۋە باشق... قېرىنداش مىللەتلەر بىناكارلىقىدىمۇ كەڭ قوللىنىلىدۇ. ياغاچ پەنجىرە قۇرۇلمىلىرىنىڭ تۈلچەملىك بولۇش تەلىپى ناھايىتى... يۇقىرى بولۇپ، ئۇزۇئارا بەلگىلەنگەن چېتىشىش ئۇقتىسىدىن بىرەر يېرىم مىللىمېتىر ئويان-بۇيان بولۇپ كېتىشكە يو... قويۇلمايدۇ. ئۇنىڭ چېتىشىش ئارقىلىق ھاسىل بولغان شەكىل بۇلۇڭى مۇقەررەر يوسۇندا قانۇنلاشتۇرۇۋېتىلگەن 90 گرادۇسلۇق توغرا بۇلۇڭ، 45 گرادۇسلۇق، 60 گرادۇسلۇق تار بۇلۇڭ ھەتتا ئۇنىڭدىن كىچىك بۇلۇڭلۇق قۇرۇلمىلارغىچە ئۆلچەم قائىدىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىنغان. پەنجىرە نەقىش ئۇسلۇبلىرىنىڭ قانچە كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بە... يۇقىرىقى بۇلۇڭ ئۆلچەملىرى قائىدىسىدىن چەتنەپ كەتمەيدۇ. پەنجىرە ئۆلچەملىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئاساسەن تۆت بۇلۇڭلۇق، سەككىز بۇلۇڭلۇق، ئۈچ بۇلۇڭلۇق، ئالتە بۇلۇڭلۇققا ئوخشاش چوڭ-كىچىك بۇلۇڭ شەكىللىرىدە بولىدۇ. ئۇنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقى شۇكى: بىرنەچچە كىچىك ئۈچبۇلۇڭلۇق ياكى بىرنەچچە كىچىك ئۈچبۇلۇڭلۇق شەكىللەر ئۆزئارا قوشۇلۇپ سەككىز بۇلۇڭلۇق، ئالتە بۇلۇڭلۇق ۋە رومبا شەكىللىك بىرىكمە شەكىللەرنى ھاسىل قىلالايدۇ. بىر شەكىلنىڭ قۇرۇلما تەرتىپى ئارقىلىق ئىككىنچى بىر خىل شەكىل تەبىئىي شەكىللىنى... شەكىللىنىشكە تېگىشلىك شەكىلدىن باشقا بىر شەكىلنى ھەرقانچە زورلاپمۇ چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر بىرە... چېتىشىش ئۇقتىسىنىڭ ئورنى ئۆزگىرىپ كەتسىلا بۇنداق مەقسەتكە يەتكىلى بولمايلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن پەنجىرە قۇرۇلمىسى كېرەكتىن چىقىدۇ. بۇ ئەھۋالغا ئاساسلانغاندا، پەنجىرە نەقىشلىرىنى سىزىق سەنئىتى، مۇرەككەپ تېپىشما... دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. چۈنكى سىزىقلارنىڭ ئۆزئارا كېسىشىدىغان ئۇقتىسىنى چۈشەنمەي ياكى ئۇنىڭ ئۆزلۈش قانۇنىيىتى... بىلمەي تۇرۇپ، ھەرقانچە باش قاتۇرۇپمۇ بىر قەدەر كۆركەم بولغان بەدىئىي پەنجىرە نەقىش ئۆلگىسىنى سىزىپ چىقى... ھەتتا ئەسلى ئۆلچىمىدىن كىچىكلىتىش ياكى چوڭايتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا پەنجىرە نەقىشلىرىنىڭ بەدىئى... قىممىتى: ئۇنىڭ نەقىش قۇرۇلمىسىنىڭ ھەر خىل ئوبرازلىق شەكىللەرگە ئىگە بولغانلىقىدىن سىرت، ئۇستىلارنىڭ بە... ـگىلىك گېئومېترىك ئىلمىي قانۇنىيەتنى ئىگىلىگەنلىكى، ئىنتايىن ئىنچىكە ۋە توغرا ھېسابلاش ئىقتىدارى بارلىقىنى جە... شەندۇرىدۇ. ياغاچ پەنجىرە نەقىشلىرى ئۈچۈن پۇتاقسىز ياڭاق ياغىچى، چىنار ياغىچى، ئۈجمە ياغىچى ماتېرىيال قىلىن... ياغاچ پەنجىرە نەقىشلىرى چوڭ-كىچىك مەسچىت، مەدرىسەلەر ۋە تارىخىي چوڭ قۇرۇلۇشلاردا ئىشلىتىلگەندى... سىرت، ئولتۇراق ئۆي بىناسىتلارنىڭ دېرىزىسى، ئىشىك بېشى ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. بولۇپمۇ خوتەن رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىر... ئاھالىلار ئولتۇراق ئۆيلىرىنىڭ ساراي بىلەن ئايۋاننى ئايرىيدىغان چېگرا تاملىرى ھەمدە ساراي ئۆي بىلەن پېشايۋ... ئوتتۇرىسىدىكى تاملار ئورنىدا مۇشۇ خىلدىكى پەنجىرە نەقىشلىرىدىن ئىشلەنگەن پەنجىرە توساق قىسمى بولۇپ، «قەپە... ئايۋان» نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. پەنجىرە نەقىشلىرى ئۆز زامانىسىدا دېرىزە كۆزلىرى ئېھتىياجى بىلەن شەكىللەنگەن بولۇپ، ... پەيدىنپەي ھەر خىل شەكىل ۋە پەنجىرە توقۇلما قانۇنىيەتلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى، ئورگىنال سەنئەتلىك گېئومېترىك...

ئىنتايىن كۆركەم، بەدىئىيلىكى كۈچلۈك بولغان خىلمۇ خىل گېئومېترىك شەكىللەر ۋە تۈت تەرەپكە داۋاملىشىدىغان نەقىش قۇرۇلمىلىرى ھاسىل قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ مۇنداق ئوبرازلىق بەدىئىي ئالاھىدىلىكى كىشىدە ئىستېتىك روھ ۋە نەققاشنىڭ ئەقلىي ماھارىتىگە چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە قايىللىق تۇيغۇسىنى قوزغايدۇ. پەنجىرە — ياغاچ پەنجىرە، تۆمۈر پەنجىرە ۋە گەچ پەنجىرىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ياغاچ پەنجىرىلەرنىڭ قۇرۇلما ئۇسلۇبلىرى ئىنتايىن كۆپ، قوللىنىلىدىغان رايون دائىرىسىمۇ بىر قەدەر كەڭ. پەنجىرە ھۈنەر-سەنئىتى ئۇيغۇر بىناكارلىق ھۈنەر-سەنئىتىدىن باشقا خەنزۇ، خۇيزۇ ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەر بىناكارلىقىدىمۇ كەڭ قوللىنىلىدۇ. ياغاچ پەنجىرە قۇرۇلمىلىرىنىڭ ئۆلچەملىك بولۇش تەلىپى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئۇزۇنسىرا بەلگىلەنگەن چېتىشىش ئۇقتىسىدىن بىرەر يېرىم مىللىمېتىر ئۇيان-بۇيان بولۇپ كېتىشكە يول قويۇلمايدۇ. ئۇنىڭ چېتىشىش ئارقىلىق ھاسىل بولغان شەكىل بۇلۇڭى مۇقەررەر يوسۇندا قانۇنلاشتۇرۇۋېتىلگەن 90 گرادۇسلۇق توغرا بۇلۇڭ، 45 گرادۇسلۇق، 60 گرادۇسلۇق تار بۇلۇڭ ھەتتا ئۇنىڭدىن كىچىك بۇلۇڭلۇق قۇرۇلمىلارغىچە ئۆلچەم قائىدىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىنغان. پەنجىرە نەقىش ئۇسلۇبلىرىنىڭ قانچە كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يەنە يۇقىرىقى بۇلۇڭ ئۆلچەملىرى قائىدىسىدىن چەتنەپ كەتمەيدۇ. پەنجىرە ئۆلچەملىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئاساسەن تۆت بۇلۇڭلۇق، سەككىز بۇلۇڭلۇق، ئۈچ بۇلۇڭلۇق، ئالتە بۇلۇڭلۇققا ئوخشاش چوڭ-كىچىك بۇلۇڭ شەكىللىرىدە بولىدۇ. ئۇنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقى شۇكى: بىرنەچچە كىچىك تۆتبۇلۇڭلۇق ياكى بىرنەچچە كىچىك ئۈچبۇلۇڭلۇق شەكىللەر ئۇزۇنسىرا قوشۇلۇپ سەككىز بۇلۇڭلۇق، ئالتە بۇلۇڭلۇق ۋە رومبا شەكىللىك بىرىكمە شەكىللەرنى ھاسىل قىلالايدۇ. بىر شەكىلنىڭ قۇرۇلما تەرتىپى ئارقىلىق ئىككىنچى بىر خىل شەكىل تەبىئىي شەكىللىنىدۇ. شەكىللىنىشكە تېگىشلىك شەكىلدىن باشقا بىر شەكىلنى ھەرقانچە زورلاپمۇ چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر بىرەر چېتىشىش ئۇقتىسىنىڭ ئورنى ئۆزگىرىپ كەتسىلا بۇنداق مەقسەتكە يەتكىلى بولمايلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن پەنجىرە قۇرۇلمىسى كېرەكتىن چىقىدۇ. بۇ ئەھۋالغا ئاساسلانغاندا، پەنجىرە نەقىشلىرىنى سىزىق سەنئىتى، مۇرەككەپ تېپىشماق دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. چۈنكى سىزىقلارنىڭ ئۇزۇنسىرا كېسىشىدىغان ئۇقتىسىنى چۈشەنمەي ياكى ئۇنىڭ تۈزۈلۈش قانۇنىيىتىنى بىلمەي تۇرۇپ، ھەرقانچە باش قاتۇرۇپمۇ بىر قەدەر كۆركەم بولغان بەدىئىي پەنجىرە نەقىش ئۆلگىسىنى سىزىپ چىقىش ھەتتا ئەسلى ئۆلچىمىدىن كىچىكلىتىش ياكى چوڭايتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا پەنجىرە نەقىشلىرىنىڭ بەدىئىي قىممىتى: ئۇنىڭ نەقىش قۇرۇلمىسىنىڭ ھەر خىل ئوبرازلىق شەكىللەرگە ئىگە بولغانلىقىدىن سىرت، ئۇستىلارنىڭ بەلگىلىك گېئومېترىك ئىلمىي قانۇنىيەتنى ئىگىلىگەنلىكى، ئىنتايىن ئىنچىكە ۋە توغرا ھېسابلاش ئىقتىدارى بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ياغاچ پەنجىرە نەقىشلىرى ئۈچۈن پۇتاقسىز ياڭاق ياغىچى، چىنار ياغىچى، ئۈجمە ياغىچى ماتېرىيال قىلىنىدۇ. ياغاچ پەنجىرە نەقىشلىرى چوڭ-كىچىك مەسچىت، مەدرىسىلەر ۋە تارىخىي چوڭ قۇرۇلۇشلاردا ئىشلىتىلگەندىن سىرت، ئولتۇراق ئۆي بىساتلارنىڭ دېرىزىسى، ئىشىك بېشى ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. بولۇپمۇ خوتەن رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئاھالىلار ئولتۇراق ئۆيلىرىنىڭ ساراي بىلەن ئايۋاننى ئايرىيدىغان چېگرا تاملىرى ھەممە ساراي ئۆي بىلەن پېشايۋان ئوتتۇرىسىدىكى تاملار ئورنىدا مۇشۇ خىلدىكى پەنجىرە نەقىشلىرىدىن ئىشلەنگەن پەنجىرە توساق قىسمى بولۇپ، «قەپەز ئايۋان» نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. پەنجىرە نەقىشلىرى ئۆز زامانىسىدا دېرىزە كۆزلىرى ئېھتىياجى بىلەن شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇ پەيدىنپەي ھەر خىل شەكىل ۋە پەنجىرە توقۇلما قانۇنىيەتلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى، ئۇرغۇن سەنئەتلىك گېئومېترىك

www.uyghurkitap.com

قۇرۇلمىلارنىڭ ئۆزلەشتۈرۈلىشى بىلەن بۇگۈنكى كۈندە ئۆزىنىڭ تولۇق بەدىئىي شەكلى بولغان پەنجىرە نەقىشلىرى بولۇپ شەكىللەندى. قەدىمكى زاماندىكى دېرىزىلەر قويۇق گۈللۈك پەنجىرە نەقىشلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، «دېرىزە» دې‍گەن ئىسىم ئەنە شۇ پەنجىرە دېگەن نام بىلەن ئاتىلاتتى. ئەينى زاماندىكى سانائەت سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى سەۋەبلىك دېرىزە كۆزلىرىگە ئەينەك سېلىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا مايلىق قەغەز چاپلىناتتى. بىخەتەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ دېرىزە كۆزلىرى كىچىك ياسىلاتتى. بۇنداق كىچىك-كىچىك كۆزلەر كىيىنچە گېئومېتىرىك ھەر خىل شەكىللەرنىڭ ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈشى بىلەن قۇرۇلمىسى بىيىتىلىپ پەنجىرە گۈل نەقىشى بولۇپ مەيدانغا كەلدى.

بۇ خىل ئەنئەنىۋى ھۈنەر-سەنئەت ئۇيغۇر بىناكارلىقىدا تاكى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن دېرىزە خىزمىتىنى ئۆتىسە، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ قۇرۇلۇشنىڭ بېزەك زىننىتى ئورنىدا خىزمەت قىلىدۇ. ياغاچ قۇرۇلمىسى پەنجىرىلەردىن باشقا يەنە تۆمۈر قۇرۇلمىلىق پەنجىرىلەر، گەج قۇرۇلمىلىق پەنجىرىلەرمۇ ئۇچرايدۇ. بىراق تۆمۈر ۋە گەج قۇرۇلمىلىق پەنجىرىلەر گېئومېتىرىك تۈز سىزىقلىق نەقىش شەكىللىرى بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، چەمبەر شەكىل ۋە ئەۋرىشىم ئەگرى سىزىق شەكىللەر بىلەنمۇ ياسىلىدۇ. گەج قۇرۇلمىلىق پەنجىرىلەر ئىنتايىن ئاز ساندا سىرتقى زەربىدىن خالىي بولغان نازۇك زىننەت ئورنىدا، مۇنار، گۈمبەزلەرنىڭ قۇببىسى، يورۇقلۇققا ئېھتىياجلىق بولغان بولۇڭ-پۇشقاق ئورۇنلارغا يورۇقلۇق بىلەن تەمىن ئېتىش مەقسىتى بىلەن ۋە زىننەت ئېھتىياجى بىلەن ئىشلىنىدۇ. بۇنى «روجەك» دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل ھازىرقى زامان بىناكارلىق ھۈنەر-سەنئىتىدە ئىجابىي قوبۇل قىلىنىپ ئىشلىتىلمەكتە. بىراق ئۇنىڭغا گەج ماتېرىيال ئىشلىتىلمەستىن سېمونت ئىشلىتىلىدىغان بولدى. مەيلى گەج قۇرۇلما ياكى سېمونت قۇرۇلما بولسۇن قېتىشما ماتېرىيال بولغانلىقتىن ئۇنىڭ چۈرۈك سۇنۇشچانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ گۈل شەكىللىرى نىسبەتەن تومراق بولىدۇ. روجەك پەنجىرىنىڭ يەنە بىر خىلى بولۇپ، ئۇ قۇرۇلمىسىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدا بولىدۇ. بۇنداق ئورۇنلار بىخەتەر بولىدۇ. روجەك خانا ئىچىنىڭ يورۇقلۇقىنى ئاشۇرۇش، تورۇس قىسمىنى يورۇقلۇق بىلەن تەمىن ئېتىش رولىنى ئۆتىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئىشىك-دېرىزىلىرى كۆپ ئېچىلمايدىغان مۇقەددەس دىنىي تەۋەررۈك ئورۇنلار ۋە قەدىمىي ئاسار ئەتىقە، ئوردا-سارايلارنىڭ ئىچكى ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇش رولىنىمۇ ئوينايدۇ.

## خىش توقۇلما نەقىشلەر

خىش توقۇلما نەقىشلەر — ئۇيغۇر بىناكارلىق ھۈنەر-سەنئىتىدە سۇۋاق زىننەت ئېھتىياجى بولمىغان، زىننەت ئېھتىياجى خىش زىننىتى بىلەنلا تاماملىنىدىغان قۇرۇلمىلارغا قوللىنىلىدۇ. بولۇپمۇ گەج ئويما نەقىشلەر زىننىتى بىلەن خىش تىزما نەقىش زىننىتى بىرلەشتۈرۈلۈپ قۇرۇلمىنىڭ زىننەت ئېھتىياجى قاندۇرۇلىدۇ. خىش تىزما نەقىشلەر بىلەن تام بېتىنى زىننەتلەش، يەنە ئالاھىدە زىننەت ئۇسۇلىدۇر. بۇنداق ئۇسۇل تامنى قوپۇرۇش داۋامىدا بىرلىكتە ئورۇنلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھۈنەر-سەنئەت جەريانى: زىننەت ئۈچۈن ئاللىۋالغان نەقىش ئۈلگىسى بويىچە خىشنى شۇ شەكىل قۇرۇلمىلىرى ئۆلچىمى بىلەن ئالاھىدە ياساپ تەييار قىلغاندىن كېيىن تامنىڭ سىرت يۈزىنى ئاساس قىلىپ بىر-بىرىگە بىرلەشتۈرۈپ گەج بىلەن چاپلاپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان نەقىش شەكىللىرى يەنىلا ئاددىي بولغان گېئومېتىرىك تۈز سىزىق ئاساسىدىكى گۈل-چېچەك، چاقماق، «كەكلىك ...ى»، «ساندۇقچە» شەكىللەر بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. تام بېتىدە ئۆزىنىڭ ئاددىي ۋە چوڭ سۈپەت كۆرۈنۈشى بىلەن ئۇنىڭ خىش

قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى بىلەن قوشۇلۇپ گەج نەقىشلەرنىڭ سىپتە ۋە مۇرەككەپ نەقىش قۇرۇلمىلىرى سېلىشتۇرمىسىدا بىر خىل قارىمۇ قارشىلىق ھاسىل قىلىپ بىر پۈتۈن بەدىئىي زىننەت تۈسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. خىش تىزما نەقىشلەر مەسچىت، مەدرىسەلەر، بولۇپمۇ مۇنارە قوشۇلۇپ كەلگەن قۇرۇلمىلاردا ئومۇمىيۈزلۈك ئۇچرايدۇ. بۇنداق توقۇلمىلارنىڭ دەرۋازا قىسمى بىلەن مۇنار قىسمىنى بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىش مەقسىتى بىلەن زىننەت لايىھىسىنى ئويلاشقاندا كۆڭۈلدىكىدەك مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. سىرتقى قىسمى كاھىش ئىشلىتىلمىگەن خىش قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇ خىلدىكى زىننەت ئۇسۇلى قوللىنىلغان بولۇپ، قەشقەر رايونىدا كۆپلەپ ئۇچرىغاندىن تاشقىرى، تۇرپاندىكى داڭلىق «سۇلايمان ۋاڭ مۇنارىسى» مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ياسالغان. مۇنارىلارنىڭ ئاستىدىن تارتىپ ئۈستى قۇببىسىغا قەدەر بولغان بېتى زىننەت ئۇقتىسى قىلىنىدۇ. مۇنارىنىڭ شەكىل قۇرۇلمىسى ئاساسەن تۈۋرۈكسىمان ئايلانما بەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ زىننەت تەلىپى بەلباغ نەقىشلەر بىلەن بوش بەت بىرلەشتۈرۈلىدۇ. خىش تىزما زىننەت نەقىشلىرى دەل مۇشۇ بەتنى كۆرسىتىدۇ. دەرۋازىنىڭ باشقا قىسىملىرىمۇ دەرۋازا شەكلىنى ئاساس قىلىپ ئىككى ياندا داۋاملاشقان جىيەك نەقىش بىلەن بوش بەتلەر بىرلەشتۈرۈلىدۇ. خىش تىزما نەقىشلەرمۇ بىر نەچچە ئۆزگىرىشلىك نەقىش ئۇسخىلىرى بىلەن مۇشۇ بوش بەتكە ئىشلىنىدۇ. گەج نەقىشلەر ۋە بوش بەتكە ئىشلەنگەن خىش تىزما نەقىشلەر پۈتۈن دەرۋازا، مۇنار قۇرۇلمىسىدا كۈچلۈك قارىمۇ قارشىلىق سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىپ، بىر-بىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ئۆزگىچە بەدىئىي زىننەت تەلىپىنى قاندۇرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، خىش ئويما نەقىشلەر پېشايىۋان سۇپىسى، زەڭگۈلدە، پايە قاتارلىق بىرقەدەر پەس ئورۇنلاردىكى تام بەتلىرىگە ھەر خىل ئوخشىمىغان شەكىللەر بىلەن مەلۇم ئۆلچەمدە ئىشلىنىدۇ.

خىش تىزما نەقىشلەر ئاساسەن تەكشى بەت بولۇپ، ئۇ ھەر خىل شەكىلدە ياسالغان خىش تىزما نەقىش شەكىل بۆلەكلىرىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشىدىن ئىبارەت. ئايرىم-ئايرىم ئەھۋاللاردا تام بېتىدىن مەلۇم دەرىجىدە ئالدىغا كۆپتۈرۈپ چىقىرىلىپ ئابىيوم ھاسىل قىلىنغان بولسا، يەنە ئايرىم ئەھۋاللاردا مەلۇم دەرىجىدە ئىچكىرى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ بەدىئىي كۆرۈنۈشى تەكشى بەتلىك خىش تىزما نەقىشلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ جانلىق كۆرۈنىدۇ. خىش پارچىلىرىنىڭ بىر-بىرىگە ئۇتاشقان چەك سىزىقلىرىنىڭ ھەممىسى ياكى ئاق (گەج مەلھىمى) بىلەن ياكى كۆمۈر جەۋھىرى قوشۇلغان قارا (گەج مەلھىمى) پىلتە بېرىلىدۇ. بۇ ئاق ياكى قارا سىزىقلار خىشنىڭ تەبىئىي رەڭگى بىلەن قوشۇلۇپ نەقىش شەكىللىرىنى ئاق-قارا مۇناسىۋەتلىك ئېنىق كۆرۈنۈشكە ئىگە قىلىدۇ. خىش تىزما ئۇسۇلى بىلەن ئىشلەنگەن خەت يېزىق خىش تىزما شەكىللىرىمۇ بولۇپ، بۇنىڭ ئىشلىنىش تەلىپى خەت شەكلىنى ئابىيوملۇق قىلىپ ئالدىغا كۆپتۈرۈپ چىقىرىشنى مەقسەت قىلغانلىقتىن، گۈل نەقىش شەكىللىرى گەۋدىلەندۈرۈلمەستىن خەت شەكلى گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. بۇنداق زىننەت ئۇسۇللىرى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا قەدىمىي ئاسار-ئەتىقە قۇرۇلۇشلىرىدا تېخىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.

# كونگۈرا نەقشلەر

كونگۈرا — هويلا-ئارامىلارنىڭ ياكى باغ بىلەن چېگرىلىنىدىغان قورۇق تاملىرىنىڭ ئۈستىدىكى تام ئۈستى قىسمىغا ئىشلىنىدۇ، ھەمدە هويلا، باغ-ئارام دەرۋازىلىرىنىڭ ئۈستىگە ئىشلىنىدۇ. شۇڭا كىشىلەر بىرەر دەرۋازا ۋە هويلا مەرئاسىنىڭ تاملىرى ئۈستىدە پىششىق خىش ياكى خام كېسەك بىلەن ئاددىي شەكىلدىكى روجەك، كونگۈرىلارنىڭ بارلىقىغا قاراپ بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قورۇسكەن، دەپ دەرھال ھۆكۈم چىقىرالايدۇ. بۇ قورۇق تاملارغا زىننەت بېرىش مەقسىتى بىلەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن تام ئىچىدىن سىرتنى كۆزىتىش ئۈچۈن قىلدۇرۇلغان يوچۇق رولىنى ئۆتەيدۇ. كونگۈرا نەقىش شەكىللىرى مۇشۇ يوچۇقلارنىڭ گىرۋەكلىرىنى ھەر خىل شەكىل چىقىرىپ قۇراشتۇرۇشتىن كېلىپ چىققان يوچۇق شەكىللىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىش تەرتىپى تاماملانغاندىن كېيىن ئۈستى قىسمى يەنىلا تامنىڭ ئەسلى قۇرۇلمىسى بويىچە پۈختىلاپ ياسىلىپ تاماملىنىدۇ.

قۇرۇق تام قۇرۇلمىسى

ئۇيغۇر بىناكارلىق ھۈنەر-سەنئىتىدە بېزەك بېرىش ئۇسۇللىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇ زىننەتلەش ئوبيېكتىنىڭ قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن ھەر خىل چارە-ئۇسۇللارنى قوللانغان. نەقىش ئۈلگىلىرى بىلەن زىننەت بېرىشتىن سىرت، يەنە ئۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا بوياق تارتىش، ئەۋزەل (قەشقەر كەسپىي ئاتالغۇسى — زىننەت سىزىقى) تارتىش، شەرىپە ھەمدە تۈرلۈك ئويمىلىق زەنجىر، يەلپۈگۈچ قاتارلىق زىننەت شەكىللىرىنى قوللىنىپ زىننەت ئېھتىياجىنى مول مەزمۇن بىلەن بېيىتقان.

ئۇيغۇر بىناكارلىقى ھۈنەر-سەنئىتىدە بۇنداق زىننەتلەش ئۇسۇللىرى داۋاملىق كېڭىيىپ يېڭى-يېڭى مەزمۇنلار بىلەن تولۇقلىنىپ، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ۋە ماددىي ھاياتىنى تەمىن ئەتمەكتە. بەزى ئۇسۇللار شەرت-شارائىت ۋە تۇرمۇشنىڭ يېڭى ئالاھىدىلىكى ۋە شەكىل چەكلىمىسىدىن كېلىپ چىققان. شۇڭلاشقا قۇرۇلما ئۈچۈن ئوخشىمىغان قۇرۇلما ۋە شەكىل چەكلىمىسىدىن كېلىپ چىققان. شۇنىڭدەك ئوخشىمىغان قۇرۇلما ئۈچۈن ئوخشىمىغان بېزەك نەقىش شەكىللىرى ۋە ئۇسۇللىرى يارىتىلغان. ئۇيغۇر بىناكارلىقىدا ئۆزگىچە مىللىي ئۇسلۇب، شەكىل قۇرۇلما گەۋدىلىك بولۇپ، باشقا مىللەت بىناكارلىقى ياكى ھازىرقى زامان ئورتاق ئۇسلۇبىدىكى بىناكارلىق قۇرۇلمىلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان قۇرۇلما شەكىللىرى خېلى كۆپ، شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇيغۇر بىناكارلىق ھۈنەر-سەنئەت بېزەك نەقىشلىرى ۋە زىننەتلەش ئۇسۇللىرى ھەرقانداق ئۇسلۇبتىكى زامانىۋى قۇرۇلۇش ۋە باشقا مىللەت بىناكارلىقىدىمۇ ئوخشاشلا قوللىنىشقا بولىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئۇيغۇر بىناكارلىقىدا، خېلى بۇرۇندىن تارتىپ ئۈگزىنى گۈمبەزلىك قىلىپ ياساش، چوڭ دەرۋازىلارنىڭ ئىككى يېنىغا مۇنارە ئېلىپ ئۇنىڭ ئۈستىنى قۇببىلىق ياساش، پېشايۋان چىقىرىپ، پېشايۋانلارنى ئۈۋرۈكلەر بىلەن كۆتۈرۈپ تۇرۇش، ئولتۇراق ئۆي بىساتلار ئىچىدە ھەر خىل شەكىلدىكى چوڭ-كىچىك تاكچا، مېھراپ، نوۋەي، مورىلارنىڭ چىقىرىلىشى، ئۆيلەرنىڭ تورۇسى ياغاچ قۇرۇلما ۋاسىجوپ ياكى ۋاسا دەمىيەن قىلىپ خا، جەگە قۇرۇلمىلىق ياسىلىشى بىنا قۇرۇلمىسىنى ھەر خىل بېزەك نەقىش بىلەن زىننەتلەشكە كەڭ تۈردە زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن.

بىز ئۇيغۇر بىناكارلىقىدىكى قۇرۇلما ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئۇنى زىننەتلەش ئۇسۇللىرى ھەققىدە ئۆتكۈنچى توختالمىدۇق.

قولىمىزدىكى بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن بىزەك نەقىش ئۈلگىلىرى، ئۇيغۇر بىناكارلىقىدا ئۇچرايدىغان ھەر خىل مۇرەككەپ قۇرۇلمىلارنىڭ ھەممىسىدە مۇناسىپ ئورنىنى تاپقان ئۈلگىلەر بولۇپ، ئۇ ئۇزۇن تارىختىن بېرى بىناكارلىق ئۇستىلىرى ۋە نەققاشلارنىڭ ئۆز ئەۋلادلىرىغا دەۋرمۇ دەۋر قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك سەنئەت نەمۇنىلىرىدۇر.


ئۇيغۇر خەلقى بىناكارلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئۇزاق تارىختىن بېرى، ھەر بىر دەۋردە ئۆزىنىڭ كامىل ھۈنەر ئۇستىلىرىنى يېتىلدۈرگەن ئىدى. ھەر بىر ئەۋلاد ئۇستىكارلىرى ئۆز ھۈنەرلىرىنى كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئۈچۈن قالدۇرۇپ، بۈگۈنكى كۈنگە يەتكۈزۈپ كەلدى. ئەپسۇسكى زامانىمىزدىن بۇرۇنقى تالانتلىق ئۇستىلارنىڭ نامى-شەرىپلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆلمەس سەنئەت پائالىيەتلىرىنى تىلغا ئېلىپ تونۇشتۇرۇشقا ئاجىزلىق قىلدىم. بۇ جەھەتتىكى بىلىمىمنىڭ يېتەرسىزلىكى ئۈچۈن كەڭ كىتاب-خانلاردىن ئەپۇ سورايمەن. شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىككى: ئۇيغۇر بىناكارلىق ھۈنەر-سەنئىتى بۈگۈنكى كۈنگىچە ئۆز ئۇسلۇبىنى ۋە قىممىتىنى يوقاتماي داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ، بىر تەرەپتىن يۇقىرىقى پىشقەدەم خەلق سەنئەتكار ئۇستىلىرىنىڭ قان-تەرى، ئەقىل-پاراسىتىنىڭ مەھسۇلى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن مۇشۇ دەۋرىمىزدىكى ۋارىسلىق ئورنىدا تۇرۇ-ۋاتقان خەلق ھۈنەر-سەنئەت ئۇستىلىرىنىڭ سەمىمىي-سادىق ئەجرى مېھنىتىدىن ئايرىلمايدۇ؛ پارتىيىمىز ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ھۈنەر-سەنئەت، مەدەنىيەت ئىشلىرىغا بولغان چەكسىز غەمخورلۇقى، مەنىۋى ۋە ماددىي جەھەتتىن مەدەت بېرىپ قوللىغانلىقىدىن ئايرىلالمايدۇ؛ پەن-مەدەنىيەت سېپىدە جاپالىق ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، گۈزەل سەنئەت ۋە ھۈنەر-سەنئەت خادىملىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ئۇيغۇر ھۈنەر-سەنئەت مەدەنىي مىراسلىرىنى قوغداش، قۇتقۇزۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىدىن، رىغبەتلەندۈرۈشى ۋە يېتەكلىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. مەن بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقىشتا بۇرۇن ئۆتكەن ئۇستىكارلارنىڭ ئەمەلىي ھۈنەر-سەنئەت جەھەتتىكى ئۇلۇغ ئەمگەك مۇۋاپپەقىيەتلىرى، ئالىملارغا خاس ئىجادچان روھىدىن ئىلھاملاندىم ۋە زور كۈچ-قۇۋۋەت ئالدىم، ئۇلارنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن مول ھۈنەر-سەنئەت ئۈرنەكلىرى ۋە ئىلمىي تەجرىبە بىلىملىرىدىن كۆپلىگەن ماددىي ماتېرىياللارغا ئېرىشتىم. مەن بۇ مۇناسىۋەت بىلەن يېقىنقى زاماند ئۆتكەن پىشقەدەم ئۇستازلار، ئۆز دەۋرىنىڭ ئالىملىرى دەپ قارىشقا بولىدىغان مەشھۇر ئارخىتېكتور ۋە نەققاشلاردىن: دۆلەت ئاخۇ ئۇستام، ئابدۇللا ئاخۇن ئۇستام، ئابدۇقادىر ئەپەندى، روزى ئاخۇن ئاكا، ئوسمان پىلانچى، سىرچى نامانخان ئۇستام، پازىل سالى ئاكا مەرھۇم نامان (بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالەمدىن ئۆتتى) لارنى ئەسكە ئېلىپ، ئۇلارغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلدۈرىمەن، ئۇلارنىڭ گۈزەل ئارزۇ-ئىستەكلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئەنئەنىۋى بىناكارلىق نەققاشلىق سېپىدە جان پىدا قىلىپ ئىشلەۋاتقان ماھمۇتجان ئۇستام ئىبراھىم ئاخۇن ئۇستام باشچىلىقىدىكى تالانتلىق نەققاش ئۇستىلارغا، ئۇيغۇر ھۈنەر-سەنئەت نەققاشلىقىنى بېيىتىش ۋە ئۇنى ۋايى يەتكۈزۈش يولىدا ئايىماي كۈچ سەرپ قىلغان پىشقەدەم زىيالىيلاردىن ئابدۇكېرىم مەمتىلى (مۇشۇ كەسىپ بويىچە كاندىدا تەتقىقاتچى)، ئابلىمىت زۇنۇن ئاكا (مۇشۇ كەسىپ بويىچە كاندىدات تەتقىقاتچى)، مەسئۇل كەسپىي ئوقۇتقۇچۇم يۇنۇس ھاجى مۇئەللىم، خەلقىمىزنىڭ بىناكارلىق تامانىدا، بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك مىراسلارنى تەتقىق قىلىش، بولۇپمۇ ئۇلار ۋارىسلىق قىلىپ رېمونت قىلىش، ئاسراش سېپىدە جاپالىق ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇر ئارخىتېكتورى ھەسەن ئابدۇرېھىم قاتارلىق يولداشلار كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن ۋە ئاخىرىدا مەزكۇر كىتابىم ئۈچۈن باشتىن ئاخىر ياردەم بەرگەن گۈزەل سەنئەت ۋە ھۈنەر-سەنئەت ماتېرىيا سېپىدە ئىزچىل ئەجرە سىڭدۈرگەن، ئۇرغۇن ئىختىساسلىق، يارامىلىق خادىملارنى يېتىشتۈرگەن پىشقەدەم سەنئە


…تريجسى، كەسپىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇم غازى ئەمەت مۇئەللىمگە ئالاھىدە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن. بىلىمىمنىڭ چەكلىك، …مەلىي تەجرىبىلىرىمنىڭ مۇكەممەل بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن كىتابتا بايان قىلىشقا ۋە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك …ەپ ئويلىغان مەقسەتلىرىمگە تولۇق يېتەلمىدىم. كىتابتا نۇرغۇن يېتەرسىزلىكلەر، سىزىش تېخنىكىسىدىكى نۇقسانلار …مەۋجۇت. كىتابخانلارنىڭ قىممەتلىك پىكرى ۋە تەنقىدلىرىنى بېرىپ ياردەمدە بولۇشىنى ۋە خاتا جايلىرىنى تۈزىتىپ …شىنى سەممىي ئۈمىد قىلىمەن.

تۇرسۇن غازى

# كۆرگۈل، تورۇس چىراق بېزەك نەقىشلىرى

库尔古丽（吊灯装饰图案）








ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



www.uyghurkitap.com






www.uyghurkitap.com







www.uyghurkitap.com





www.uyghurkitap.com














www.uyghurkitap.com









# نومۇيان، مېھراپ، ئەقلىيە، بېغىشلىما سۆزلەر بېزەك نەقىشلىرى

努木颜米合甫（名人格言装饰图案）





www.uyghurkitap.com






















www.uyghurkitap.com














www.uyghurkitap.com


















www.uyghurkitap.com

















# ناۋا ، سەراپ ، پشايۋان بزەك نەقشلىرى


娜娃沙拉甫（房屋走廊装饰图案）






www.uyghurkitap.com










www.uyghurkitap.com












www.uyghurkitap.com














www.uyghurkitap.com















www.uyghurkitap.com
















www.uyghurkitap.com















www.uyghurkitap.com


















www.uyghurkitap.com

















www.uyghurkitap.com

















www.uyghurkitap.com


# ئىشىك، دەرىزە، پەنجىرە بېزەك نەقىشلىرى


门、窗户装饰图案














www.uyghurkitap.com






# تام بېتى كۆنچۆك بىزەك نەقىشلىرى

墙面昆区克装饰图案



www.uyghurkitap.com












www.uyghurkitap.com












www.uyghurkitap.com


# تەكشى تام بەت بىزەك نەقىشلىرى


墙面装饰图案（四分连续）






www.uyghurkitap.com











ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com









www.uyghurkitap.com

# ياغاچ ئويما بىزەك نەقىشلىرى

木雕装饰图案














www.uyghurkitap.com



















www.uyghurkitap.com

















www.uyghurkitap.com

# كاھىش بىزەك نەقىشلىرى

琉璃瓦装饰图案










www.uyghurkitap.com



















www.uyghurkitap.com










www.uyghurkitap.com




















www.uyghurkitap.com


















www.uyghurkitap.com






















www.uyghurkitap.com






# قاپاتما گوللوك خش بزەك نەقشلرى


花砖装饰图案





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





# قاپاتما گۈللۈك خىش بىزەك نەقىشلىرى

花砖装饰图案


















www.uyghurkitap.com













主　　编：买买提·阿尤夫
责任编辑：高光明
装帧设计：高光明

3

维吾尔传统建筑图案集
吐尔逊·哈孜

新疆美术摄影出版社出版
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
787×1092 毫米　20 开本　5 印张
1992 年 8 月第 1 版　1997 年 1 月第 4 次印刷
印数:6001—11000

ISBN7—80547—085—55/J·68　定价:10.00 元